مۇھەممەد يۈسۈپ

# غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز

ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئاللاھنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيمىز؟ ..... 5
ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسپاتلىنىشى ..... 8
تەبىئەت ..... 15
يارىتىلىش دەلىللىرى ..... 20
ئاجايىپ قانۇنىيەت ..... 23
تاسادىپىلىق ۋە نىزام ..... 26
كۆرۈش ۋە ئىشىنىش ..... 29
پوزىتىۋىزم ..... 34
مۇقەددەس كىتابلار ..... 38
ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ..... 58
مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبى ..... 78
بىكار نەرسە يوق ..... 87
ۋىجدان دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرالامدۇ؟ ..... 90
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ..... 92
تەپەككۇرنىڭ قىممىتى ..... 111
ئىلىم ئىمانغا باشلايدۇ ..... 117
ئىمان ..... 120
ھەجنىڭ ماھىيىتى ..... 124
گۈزەل ئەخلاق ..... 127
پاكىزلىق ..... 131
سۆيگۈ ..... 134
پىداكارلىق ..... 142
مەردلىك ۋە بېخىللىق ..... 147
كەڭ قۇرساق بولۇش ..... 156
ئىناقلىق ..... 158
ئۈمىد ..... 160
تاماكا چېكىش تەن ساقلىقى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر ..... 165
بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە ..... 175
يەر يۈزىگە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى كېرەك ..... 180
ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭ) ..... 187

جىھادنىڭ مەنىسى ۋە دەرىجىلىرى ........................................ 190
بىدئەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ................................................ 192
مەزھەب تەئەسسۇبلۇقى .................................................. 194
غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز .................................................. 197
مۇسۇلمانلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەئى ........................................ 200
خەتەرلىك جاھالەتلەر....................................................... 202
ۋەسىيەت ...................................................................... 205
قۇرئان ئوقۇش................................................................ 208
ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى...................................... 211
ئىسلام دىنىنىڭ جازا قانۇنى................................................. 219
ئىسلام جازا قانۇنىنىڭ ھېكمىتى ۋە غايىسى ................................ 223

# ئاللاھنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيمىز؟

مۇھەممەد يۈسۈپ

«كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرىدۇ»
(ئەنئام سۈرىسى 103 - ئايەت).

ئىنسان كۆزى ماددىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دۇنيادىكى فىزىكا(ماددا) ئالەمنىڭ ئاز قىسمىنىلا كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئۇ، مېتافىزىكا (ماددا سىرتى ئالەمى)نى كۆرۈشكە ھەرگىزمۇ قادىر ئەمەستۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھنى قانداق كۆرگىلى بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ زاتى ماددا بولۇشتىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غەيبمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى بىلەن ھەر ئان كۆز ئالدىمىزدا تەجەللى قىلىپ تۇرماقتا.

)Paratonerچاقماق چاققاندا كىشىلەرگە زىيان يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى) نىڭ ئىجادكارى Benjamin Franklin ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەكتەپتە دەرس سۆزلىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- مۇئەللىم، - دېگىنىچە سۆزگە باشلايدۇ ۋە مۇنداق بىر سوئالنى قويىدۇ، - سىز ھەمىشە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە سۆزلەيسىز، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

بۇۋاقىتتا Franklin ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپنىڭ باغچىسىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى قۇياشقا تىكىلىپ قاراشقا بۇيرۇيدۇ. ۋاقىت چۈش ۋاقتى بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرى كۆزلەرنى خىرەلەشتۈرىۋاتاتتى. كۆزلىرى خىرەلەشكەن ۋە ياشلانغانلىقتىن قۇياشقا قارىيالمايۋاتقان، بارا - بارا كۆزلىرى تورلىشىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرگەن Franklin مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

- بالىلىرىم! بۇ قۇياش ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر. سىلەر بۇ كۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ ياراتقان سەنئىتىنى كۆرەلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيسىلەر؟ ياراتقۇچى يارىتىلغانلارغا ئوخشىمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنى كۆرگىلى بولسۇن؟!(ئاخىرقى قىسسە «دىنلار تارىخى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى - تۈركچە)

ئىنسان كۆرمىگىنىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ كۆرمىگىنىگە ئىشىنىدىغان يېگانە مەۋجۇداتتۇر. ئىمان ــ كۆرۈنگەنگە ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمىگەنگە ئىشىنىش دېمەكتۇر. شۇنداق بولغاندىلا ئىماننىڭ قىممىتى مەيدانغا چىققان بولىدۇ. قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «سىز بۇنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟» دەپ سوراشنىڭ بىمەنىلىكى ئېنىقتۇر. كۆرۈش ئەلۋەتتە كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمما كۆرۈش ئىشىنىش بىلەن باغلىنىشلىق ئەمەس. ئالىملاردىن بىرى: «ئەگەر مەن ئاللاھنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ، ئۇنىڭ بارلىقىغا بولغان ھازىرقى بۇ ئىمانىمدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ» دېگەن ئىكەن. ئەقىل كۆرمىگىنىگە ئىنكار قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ھەممە نەرسە ئەقىل بىلەنلا بىلىنمەيدۇ. مەسىلەن: تاماقنىڭ تەمىنى ئەقىل بىلەن تېتىغىلى بولمىغاندەك، گۈلنىڭ خۇشپۇرىقىنى ئەقىل بىلەن پۇرىغىلى بولمايدۇ. بەلكى تاماقنىڭ تەمى تىل بىلەن تېتىلىدۇ، خۇشپۇراقلار بورۇن ئارقىلىق پۇرىلىدۇ. شۇ مۇزىكىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراڭ دېيىلگەن ھامان بۇ ۋەزىپە قۇلاققا چۈشكەن بولىدۇ. چۈنكى تىڭشاش بىلەن ئاڭلاشنىڭ قۇرالى قۇلاقتۇر، ئەقىل ئەمەس.

«بار بولغان نەرسە چوقۇم كۆرگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك. كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق دېمەكتۇر» دەيدىغان مەنتىق ياكى پەلسەپە تۈپتىن خاتادۇر. تەبىئىي پەن ئالىملىرى مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولغان شەيئىيلەرنىڭ ئاران % 3.5 نىلا كۆرگىلى بولىدىغانلىقى، قالغان% 5.96 نى ــ ئۇلار مۇشۇ دۇنيادا بار تۇرۇپ ــ كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. رادىئو دولقۇنلىرى، تېلېۋىزىيە قاناللىرى، توك ۋە بۇلاردىن باشقا مىڭلارچە ماددىي شەيئىيلەرنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما بۇلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ھېچ شەكلەنمەيمىز. بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكى كۆرۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىرلىرى بىلەن بىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەتراپىمىزدا رادىئو دولقۇنلىرى ئۈزۈلۈپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى رادىئونى ئېچىش ئارقىلىق بىلىمىز. تېلېۋىزىيە قاناللىرى، توك ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق بىلىنىدۇ.

ماددا بولمىغان، بەلكى بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇيغۇلىرىمىزنىمۇ كۆرمەيمىز. مەسىلەن: سۆيگۈ، ھاياجان، مۇھەببەت، نەپرەت، شەپقەت، ئىچ ئاغرىتىش، غەمكىنلىك، روھ، ۋىجدان، جان، ئەقىل، خىيال، پىكىر، كۆڭۈل، ئارزۇ قاتارلىق كۆپلىگەن مەنىۋىياتلار بىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرى كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان، قول

بىلەن تۇتۇلىدىغان ۋە بۇرۇن بىلەن پۇرىلىدىغان نەرسىلەر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىز ئەقلىمىز ۋە ھېسسىياتىمىز بىلەن بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىمىز. ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنىڭ ياراتقان يۈزمىڭلارچە سەنئىتىدىن ئەقىل بىلەن بىلىمىز.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە بۇنداق بىر ئەسەرنىڭ بار بولغىنىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ بىر ئاپتورىنىڭ بارلىقىغا ئەقلىمىز بىلەن ھۆكۈم قىلىمىز. ئەمما بۇ ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. بۇۋاقىتتا نەقىل (مەنبە) ئارىغا كىرىدۇ ۋە بۇ ئاپتورنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. نەتىجىدە، «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

ئەقىل «ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ھەر قانداق بىر ئىجادىيەتنىڭ ئىجادكارى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ سەنئەتكارى بولغىنىدەك، بۇ كائىناتنىڭمۇ بىر ياراتقۇچىسى باردۇر» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارسا، ئىلاھىي كىتابلار «بۇ ياراتقۇچى ئاللاھتۇر!» دەپ ئىپلان قىلماقتا. كۆز ھەيرانلىقتا «ئۇ سەنئەتكار نەدە؟ مەن ئۇنى كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ؟» دەپ گاڭگىراپ قالماقتا.

بىز قايسىسىغا ئىشىنىمىز؟ ئۇنىڭ ئوخشىشى ھايۋانلاردىمۇ بولغان ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئاران 3.5% نى كۆرەلەيدىغان كۆزگىمۇ؟ ياكى ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە ئۇلۇغ قىلغان ئەقلىغىمۇ؟

«كۆرمىگىنىمگە ئىشەنمەيمەن» دېيىش بىلەن، «مەن كۆزۈم بىلەن ئويلايمەن» دېيىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ئۇ نېمىگە يارايدۇ؟!

# ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسپاتلىنىشى

ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ناھايىتى كۆپتۇر. بىز بۇ ماۋزۇدا ئىلىم ـ پەننىڭ دالالەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۇنىڭغا بىرقانچە مىسال كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايە قىلىمىز. مەقسىتىمىز ئىمانىنىڭ مەنتىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ قۇرئاندا: «ئۆز زاتىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرمەمسىلەر؟» دەيدۇ. (زارىيات سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلار ئىچىدە «ئىنسان» دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر كاتتا مۆجىزىدۇر. ئۇ ئويلايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، سۆزلەيدۇ، ئىجاد قىلىدۇ. مۇندىن باشقا مىڭلارچە قابىلىيەتلىرى بىلەن باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كائىنات ئۇنىڭ ئىدراكى بىلەن پارلايدۇ. ئۇنىڭ روھ، ئەقىل ۋە خىيالغا ئوخشاش مەنىۋىي جىھازلىرىدىن باشقا، ماددى قۇرۇلمىسىمۇ ئاجايىپ بىر گۈزەل سەنئەت سەھنىسىدۇر. كۆزنىڭ ئەڭ چىرايلىقى، قولنىڭ قوللىنىشقا ئەڭ ئەپلىك بولغىنى، چاچنىڭ ئەڭ پارلىقى، تىلنىڭ ئەڭ تاتلىقى ، بوينىڭ ئەڭ مۇناسىپ شەكلى، دېمەك ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بېرىلگەن. تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ئۇنىڭ تاشقى قىسمىدەك، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان.

ئىنساندىكى تونىلارچە قاننى پۈۋۈلىۋاتقان يۈرەك، تائاملارنى ئوگايلا ھەزىم قىلدۇرىۋاتقان ئاشقازان، قان تازىلاش ئاپپاراتى بولغان ئۆپكە، كىلومېتىرلارچە ئۇزۇنلۇقتىكى تومۇرلار ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ بىر سەنئەت سەھنىسىدۇر.

گۈزەل ياسالغان بىر ھەيكەل ئۇنى ياسىغان ئۇستىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسەتكەندەك، تىببىي ئىلىملەر ۋاستىسى بىلەن بىلىنگەن ئىنسان ۋۇجۇدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىسىنى يەنى ياراتقۇچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئىلىم - پەن ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن بىزگە ئاللاھنى تونۇتماقتا. ئىلىم نامى بىلەن دىنىي ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىلىم دېگىنىدىن نېسىۋە ئالالمىغان مەغرۇرلاردۇر. مۇنداقلارنىڭ مەنتىقىنى زادى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دېرىزىدىن سىرتقا قارىغان ئادەم سىرتتىكى مەنزىرىنى كۆرىدۇ. دېرىزىنىڭ ئۆزىگىلا قارىغان ئادەم چىۋىنلارنىڭ ئەينەكتە قالدۇرغان پاسكىنىچىلىقلىرىنى كۆرىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، ئەقىل كۆزى بىلەن ئىلىم ـ پەن دېرىزىسىدىن قارىغان كىشى ياراتقۇچىسىنى كۆرىدۇ. ئەمما ئىلىم - پەن دېرىزىسىنىڭ ئۆزىگىلا قارىغان كىشى ماددىي سايمانلارنى كۆرىدۇ، ئاخىرى بېرىپ ماددا كىرلىكىدە بوغۇلۇپ قالىدۇ.

ئىسلام دىنى ھېچبىر زاماندا ۋە ھېچبىر مەسىلىدە ئىلىم - پەن بىلەن زىتلاشقان ئەمەس ۋە زىتلاشمايدۇ. بەلكى ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم ـ پەن بىر - بىرىنى قوللايدۇ ۋە ماسلىشىدۇ. مۇبادا ئىسلام دىنى بىلەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىت كەلگەنلىكى كۆرۈلسە، بۇنىڭدىكى خاتالىق ئىسلامدا ئەمەس، ئىلمىي ھەقىقەتلەردىمۇ ئەمەس، بەلكى بارچە خاتالىق ۋە نوقسان ئىنسانلاردا يەنى ئۇلاردىكى دىنىي نەزەرىيە بىلەن ئىلمىي نەزەرىيەنىڭ خاتا چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىدىدۇر.

دېمەك، دىنىي ھەقىقەتلەر بىلەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. زىتلىشىش پەقەت ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى خاتالىق ياكى يېتەرسىزلىكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

1 - مۇبادا قۇرئاندىكى: «كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ(ئاخىرقى مەنزىلىگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ» (ياسىن سۈرىسى 38 - 40 - ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەردىن، قۇياش بىلەن ئاي ئىككىسىلا ئۆز ئوقلىرىدا سەير قىلىپ ئايلىنىدۇ، ئەمما يەرشارى ئايلانمايدۇ، دەپ چۈشەنگۈچىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ نەزەرىيىسى «يەرشارى قۇياش يۇلتۇزلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ»

دەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلگەن بولىدۇ. ئەمما ئىسلام دۇنياسىدا يوقىرىقىدەك چۈشىنىدىغانلار ئاساسەن يوق دىيەرلىك. بەلكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرساھە ئالىملىرى، خۇسۇسەن تەپسىرشۇناس ئالىملار يوقىرىقى ئايەتلەردىن يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

2 ـ ئۆتمۈشتىكى «ماددا پانىيلىققا يۈز تۇتمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەرخىل ئىنېرگىيەلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دەيدىغان ئاتالمىش ئىلمىي ھەقىقەت قۇرئاندىكى: «ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە پانىيلىققا يۈز تۇتقۇچىدۇر»(قەسەس سۈرىسى 88 ـ ئايەت) دېگەن دىنىي ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ.

بۇ ئىككى نەزەرىيەنىڭ قايسىسى توغرا؟ تەبىئىيكى، قۇرئان ئېلان قىلغان بۇ ھەقىقەت توغرىدۇر. بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەت تەرەققى قىلغان ئىلم ـ پەن سايىسىدا مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: «ماددا ھەر زامان پانىيلىققا يۈز تۇتقۇچىدۇر. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ۋە ماھىيىتىنى يوقىتىپ باشقا ئېنېرگىيەلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ پانىيلىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ يېتەرلىك دەلىلىدۇر».

3 ـ دارۋىنىنىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ھەققىدە: «ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن» دەيدىغان ئاللىبۇرۇن سەھنىدىن چۈشكەن خىيالىي نەزەرىيىسى يارىتىلىشنىڭ باشلىنىش قىسسىسىنى بايان قىلغان قۇرئان ئايەتلىرىدىكى: «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىللەنگەن كىرگۈزۈلگەن(چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق»( ھىجر سۈرىسى 26 ـ ئايەت) دېگەن دىنىي ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ.

تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ ئايەتتىكى «قارا لاي»نى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن سېسىق پۇرايدىغان قارا لاۋا، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ھازىرقى زاماندا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەت مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى پاتقاقلىق قارا لاۋىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ لاۋا پاتقىقىدىن METHANE گېزى، H2S گېزى ۋە AMMONIA گېزى قاتارلىق سېسىق پۇرايدىغان گازلار چىقاتتى.

ئەنگىلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندىكى «تەبىئەت مۇزېيى»دا ساقلىنىۋاتقان سىزىلما رەسىملەردە، يوقىرىقى گازلارنىڭ پاتقاقلىق لايدىن قانداق شەكىلدە ھاسىل بولغانلىقى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئاۋۋالقى ئىنسان(ئادەم ئەلەيھىسسالام)نىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن خەۋىرى بولۇپ بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلار بەك كۆپ. بۈگۈنكى كۈندە ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بولغان 18 تۈرلۈك ئېلېمېنتنىڭ تۇپراق جىسمىدا بار بولغان 18 تۈرلۈك ئېلېمېنتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىمۇ ھازىرقى زامان پەن ــ تېخنىكىسى ئىسپاتلىغان ئىلمىي يەكۈندۇر.

4 - 17 - ئەسىرگە كەلگىچە تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى بۇۋاقنىڭ تۆرىلىشىدە ئانىنىڭ ھېچقانداق رولى يوقتۇر، ئۇنىڭ پەقەت بالا تۆرەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە قورسىقىدا ساقلاشتىن باشقا رولى بولمايدۇ، بالا پەقەت ئەرنىڭ سپېرمىسىدىنلا تۆرىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يوقىرىقىسىغا تامامەن زىت كېلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بالىنىڭ تۆرىلىشىدە ئەرنىڭ سپېرمىسىنىڭ ھېچقانداق رولى يوق، ئۇ پەقەت ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىدىكى سپېرمىنى پائالىيەتكە كۆتىرىشتىن باشقا خىزمەت ئىشلىمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بالا ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ سپېرمىسىدىن تۆرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ رولى ئوخشاشتۇر، دەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە مېدىتسىنا ئىلمى ساھەسىدىكى بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىدۇ.

ئەمما قۇرئان بۇھەقىقەتنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا ئېلان قىلغان بولۇپ، قۇرئاندا مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما سپېرم ( يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ سپېرمى) دىن ياراتتۇق.» (ئىنسان سۈرىسى 2 - ئايەت)

دېمەك، دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن، توغرا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىر - بىرىگە تامامەن ماسلىشىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئارا زىتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۈستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟( تەبىئىيكى) باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەيدۇ (نەمل سۈرىسى 60 ـ ئايەت).

ئىلىم ـ پەن بىزگە بىردەرەخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ توپراقتىكى ئوزۇقلىرىنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئوزۇقلارنى يوپۇرماقلىرىغىچە قانداق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مېۋىلەرنىڭ قانداق مەيدانىغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەم، رەڭ، شەكىلنىڭ قانداق يوسۇندا پەيدا بولىدىغانلىقىنى شەرھلىمەكتە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇكەممەل قانۇنىيەت ۋە نىزام ـ سىستېما ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلماقتا. نەتىجىدە، كۆز ئالدىمىزغا ھۆجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان، يىلتىزى، تېرىكى، شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى، چېچەكلىرى ۋە مېۋىلىرى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە، گۈزەل بىر شەكىلدە ياسالغان بىر فابرىكا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جانلىق فابرىكىدۇر.

ئەمدى بىز تەرەپسىزلىك بىلەن بىر ئويلاپ كۆرەيلى، بۇ ئاجايىپ فابرىكىنى ئەقىل ـ ئىدراكسىز، تۇيغۇسىز، ئىرادە ۋە قۇدرەتتىن مەھرۇم ئاددى بىر توپراق قانداق يارىتىدۇ؟! ھالبۇكى، ئۈسۈملۈك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك لاباراتۇۋار (تەجرىبە خانا) لىرىدىمۇ بىرەر تال يوپۇرماقنى ياسىيالمىغانلىقى ئېنىق بىر ھەقىقەتتۇر. دەرەخ باشقا بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا ئوتتۇندۇر. بۇنداق بىر ئوتۇن ئاجايىپ چىرايلىق چېچەكلەرنى ۋە مېۋىلەرنى ئۆزلىكىدىن قانداق بېرەلەيدۇ؟ ھەر بىر دەل ـ دەرەخ ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك يارىتىلىشى بىلەن چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟!

ئىلىم ـ پەن يەنە بىزگە بىر جانلىقنىڭ ئىچ قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئاچماقتا. بىئولوگىيە ئالىملىرى «ھەر بىر جانلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ مۇكەممەل بېرەردىن فابرىكا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دەيدۇ.

ئادەمنى چاقىدىغان زەھەرلىك ھەرە ھەسەل بېرىدۇ. يىپەك قۇرۇتى رەخت توقۇيدۇ. قولسىز ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ. تىلسىز قوي سۈت بېرىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە ئىلىم ـ پەن بىزگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاددى بىر سامان بىلەن

سۇدىن تەركىب تاپقان ھەلەپتىن سۈت ئىشلەپ چىقىرىش ئەقىل ـ ئىدراكسىز قوينىڭ ياكى كالىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، بەلكى قوي ـ كالا، ھەرە، ئۆمۈچۈك، يىپەك قۇرۇتى ۋە باشقا جانلىقلار رەسسامنىڭ پۇرشىسىغا، ئاپتورنىڭ قەلىمىگە، ياغاچچىنىڭ رەندىسى بىلەن ھەرىسىگە ۋە دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ئوخشاش بېرەردىن سايمانلاردۇر. ئەمما يارىتىش ئىشىنىڭ ئىگىسى شۈبھىسىزكى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىجادكارى بولغان ئاللاھتۇر!

ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئەھۋالى بىلىندى. بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا (يەرشارى)نىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئۇچىۋاتقان بىر سەييارە يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قاناتسىز، موتورسىز، پلوتسىز ۋە ئاۋازسىز ئۇچىۋاتقان بۇ يەرشارى سەييارىسىنىڭ ئۈستىدىكى يولۇچىلار راھەت ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ساياھەت قىلىۋاتماقتا. يەرشارى بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشقا داۋام قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا تېزلىكتە ئۇچۇشىنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئەمما ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇچىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. كېچىلەر، كۈندۈزلەر ۋە مەۋسۇملار بۇ ئىككى ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەرشارى قۇياشقا ـ ھازىرقى مۇساپىسىدىن ـ ئازراق يېقىنلاشسا كۆيۈپ ھالاك بولىمىز، ئۇزاقلاشسىمۇ مۇزلاپ ھالاك بولىمىز. قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈۋاتقان يەر شارىلا ئەمەس، بەلكى باشقا سەييارىلەرمۇ باردۇر. بۇ سەييارىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سەييارە ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئوقىدا سەير قىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ. بۇ سىستېما قانچىلىغان مىليون يىللاردىن بېرى ھېچبىر بۇزۇلماستىن، بىرخىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئاسترونومىيە ئوقۇغان، ئوقۇمىغان بولسىمۇ بۇ قانۇنىيەتنى ئاڭلاپ چۈشەنگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سورىشى لازىم ئەمەسمۇ؟!

بۇنداق ئىنچىكە نىزامنى ۋە قانۇنىيەتنى كىم بېكىتتى؟ دۇنيانى جانلىقلار ياشاشقا بولىدىغان ھالغا كىم كەلتۈردى؟ پلوتلىرى ئىچىدە بار تۇرۇپ ئايروپىلانلارنىڭ بەزىدە بىر ـ بىرىگە، بەزىدە بولسا تاغلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە بەزى چوڭ شەھەرلەردە قاتناشنىڭ زىچلىقىدىن ئاپتوموبىللارنىڭ كۈندە دېگۈدەك بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇش قازالىرى، بەزىدە

يول ئىتتىلىپ قېلىپ قاتناش ۋاستىلىرى قوزغىلالماي سائەتلەرچە ساقلاپ كېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن قارار گاھىغا بېرىشتىن كېچىكىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار نەچچە مىليون قېتىم يۈزبەرگەن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرغان بىر رېئاللىق بولغان يەردە، سەييارە يۇلتۇزلىرىدىن ئىبارەت بۇنداق چوڭ جىسىملارنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرماستىن، ياكى بېرەرسىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن كېچىكتۈرمەستىن تەكشى ئايلاندۇرىۋاتقان زادى قايسى ئىلىم ـ پەن؟

بۇزۇلمىغان ۋىجدان ۋە ساپ ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق ئادەم شۇنداق جاكارلايدۇكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى «ئاللاھ»تۇر!

ئىلىم پەننى تەرەپسىز ھالدا بېرىلىپ ئوقۇغان ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەپەككۇر قىلىپ مۇلاھىزە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئاللاھنى چوقۇم تونۇيدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى مىسلىسىز كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭ ئىمانىمۇ چۈشەنمەستىن تەقلىدچىلىك بىلەن قارغۇلارچە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىمانىغا نىسبەتەن قىممەتلىك ۋە چوڭقۇر ئىماندۇر. ئەمما ئىلىم ـ پەننى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلار ئىلىم ـ پەننىڭ بۇ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ ئىلىم ـ پەندىن ئالغانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدىغان يۈزەكى مەلۇمات بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىككى كىتابى باردۇر. ئۇنىڭ بىرى قۇرئان. قۇرئان بولسا ئاللاھنىڭ كالام ( سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئەسەرىدۇر. يەنە بىرى كائىناتتۇر. كائىنات ئاللاھنىڭ سانىئ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ ئەسەرىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم ـ پەن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھقا ئىشەنسۇن، ياكى ئەشەنمىسۇن، ئۇلار بەرىبىر ئاللاھنىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇماقتا ۋە ئۇنى تەپسىر قىلماقتا.

# تەبىئەت

ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتىن قاچىدىغانلار تەبىئەتكە سىغىنماقتا. بۇلارنىڭ پەلسەپىسى خۇددى پادىشاھقا ئىسيانكارلىق قىلىپ جاللاتتىن مەدەت تىلىگەن ئىسيانكارنىڭ پەلسەپىسىگە ئوخشاش بىر مەنتىقسىز پەلسەپىدۇر.

تەبىئەتمۇ ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلار قاتارىدىكى بىر ئەسەر ياكى سەنئەتتۇر. سەنئەتكارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەنئەتنى سەنئەتكار دەۋېلىش ئىزاھىنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتىن قاچقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قۇياش، سۇ، ئوت، يۇلتۇز ۋە باشقا تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنغۇچىلارمۇ مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىش قىسسىسىنى مەزكۇر مەبۇدلىرىغا مەنسۇپ قىلىشتا تەبىئەتكە چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئەينى ئەقىدىگە ئورتاق بولماقتا ئەمەسمۇ؟

بۇنداق ئىكەن، ناتۇرالىزم(تەبىئىتپەرەسلىك) بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانىۋىيلاشقان يېڭى نامىدۇر. ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق. ئاتالغۇلار ئۆزگەرگەن بولىسىمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق.

ئاتېئىزمچىلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە دەيدىغان ئورتاق سۆزى «يوق»تىن ئىبارەتتۇر. «يوق» ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىدۇر. «يوق» لار بىلەن بىرەر شەيئى ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. مىڭ «يوق» بىر «بار»نى يوق ئېتەلمەيدۇ. ئەمما بىر «بار» مىڭلارچە يوقلارنى پەيدا قىلالايدۇ. مەنتىقنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ سايىسىدا ئەقىل شۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇكى، دۇنيادا ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بار، ھېچقانداق سەنئەت ئۆزىنى ئۆزى يارىتالمايدۇ ـ ئەسەر ئاپتورىنى، رەسىم رەسسامىنى، ئۈستەل ياغاچچىسىنى يارىتالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇلار ئۆز ئىجادكارلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات مۇكەممەل بىر سەنئەتتۇر. بۇ سەنئەتلەر ئىنسان تاقىتىدىن يوقىرى بولغان چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە قۇدرەت بىلەن يارىتىلغاندۇر. بۇ سەنئەتلەر ئۆزلىرىدىكى مۇكەممەللىك، ئىنتىزامچانلىق ۋە گۈزەللىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكارىنى ھەر ۋاقىت نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

كائىنات ــ بار بولغان پۈتۈن مەۋجۇداتلار دېمەكتۇر. تەبىئەت ــ كائىناتتىكىلەرنىڭ توپلىمى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، كائىناتنىڭ ئىككىنچى ئىسمىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، «كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىيلەرنى تەبىئەت ياراتقان» دېيىش بىلەن «كائىنات ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان» دېيىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر.

مەلۇم بىر ئىنژېنېر مۇكەممەل بىر فابرىكا قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى ئۇزاقتىن ئېلېكترونلۇق قوماندا(يوكۇڭ) بىلەن باشقۇرىلىدىغان قىلىپ بىكىتىپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئاجايىپ مۇكەممەل فابرىكىغا ئىلىم ـ پەندىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئەبگا بىر ئادەم كىرىپ قاپتۇ ـ دە، فابرىكىنىڭ سىستېمىلىك ھالدا مۇنتىزىم ئىشلەپ تۇرغىنىنى كۆرگەن بۇ ئادەم ھەيرانلىقتا قېلىپ، بۇ فابرىكىنىڭ قۇرغۇچىسىنى فابرىكىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ يۇ، ئۇنى تاپالماپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، بۇ فابرىكىغا «ئۆزلىكىدىن قۇرۇلۇپتۇ ۋە ئۆزلىكىدىن ئىشلەيدىكەن» دەپ ھۆكۈم قىلىپ بولۇپ، بېشىنى كۆتىرىپ يوقىرى تەرەپكە قارىغىنىدا، فابرىكىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاختايدىكى بۇ فابرىكىنى قۇرغان ۋە قوماندا بىلەن ئىشلىتىپ تۇرىۋاتقان ئىنژېنېرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ ئەبگالىقىنى ۋە نادانلىقىنى تونۇپ، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپتۇ. تەبىئەتكە چوقۇنىدىغانلارمۇ بۇ مىسالدىكى ئەبگا ئادەمگە ئوخشاش ئەبگالار ئەمەسمۇ؟

قانداقلا بىر مەملىكەتتە قانۇنلا بولىدىكەن، ئۇنى چىقارغان بىرەر رەئىس ياكى پادىشاھە بولغان بولىدۇ. دۇنيادا ھېچبىر قانۇن ئۆزلىكىدىن تۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چىقىرىلغان قانۇننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ، شۇ رەئىسنىڭ ياكى پادىشاھىنىڭ نوپۇزى كېرەك بولىدۇ. چۈنكى ھېچبىر قانۇن باشقۇرغۇچىسىز ئۆزلىكىدىن يۈرمەيدۇ. كائىناتمۇ كاتتا بىر مەملىكەتتۇر. ئۇنى ياراتقان زات ــ ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىكىتكەن زاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنى يۈرگۈزۈش ئىشىمۇ ئاشۇ زاتقا ئائىتتۇر.

تەبىئەتكە چوقۇنغۇچىلار «تەبىئەت ـ ھەر قانداق بىر مەۋجۇداتنىڭ ئاساسلىق، ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيىتىدۇر» دېيىشىدۇ. ئالما دەرىخى ئالما بېرىدۇ. قوينىڭ بالىسى قوزا بولىدۇ. بۇغداي تېرىغان كىشى بۇغداي ئورايدۇ........ۋاھاكازالار.

بۇغۇ شۇنداق، ئەمما زامانىمىزدىكى تەرەققى قىلغان فىزىكا ئىلمى سايىسىدا ئىسپاتلانغان ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەت مۇنداق دەپ

كەسكىن سۆزلەيدۇ: »كائىنات( تەبىئەت) بىر زامانلاردا گاز ھالىتىدە ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى گاز ھالىتى ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس، تەبىئىي خۇسۇسىيىتى سانىلاتتى«.

تەبىئەت ئۆزگەرمەيدىغان مەڭگۈلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرماستىن كېيىنچە ئوت ھالىتىگە كۆچتى؟ كېيىنكى بۇ ئوت ھالىتىمۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيىتى سانىلاتتى. بۇنداق ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيەت مەڭگۈگە شۇنداق ئۆزگەرمەستىن داۋام قىلىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ كېيىن يەنە ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇ ھالىتىدىن ئۆزگەردى؟ ئەگەر كائىنات ئۆزگەرمىگەن بولسا، تۇپراق، ھاۋا ۋە سۇغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە زىت ماددىلار قانداق ئوتتۇرىغا چىقالىدى؟

ھەر قانداق سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ياراتقان سەنئىتىدىن ئەلۋەتتە مۇكەممەلدۇر. بۇ ماۋزۇدا، ئۇستەل بىلەن ياغاچچىنىڭ، كىتاب بىلەن ئاپتورنىڭ ۋە بىنا بىلەن بىناكارنىڭ مىساللىرىنى ئەسكە ئېلىش بىزگە يېتەرلىكتۇر. جانلىقلارنىڭ جانسىزلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈنلىكى بىر رېئاللىقتۇر. جانلىقلاردىن ئاجىز بولغان جانسىز ماددىلار ئۆزلىرىنى يارىتالمىغاننىڭ ئۈستىگە جانلىقلارنى قانداق يارىتالىسۇن؟!

تۇپراققا كۆمۈلگەن ئۇرۇقچە تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە ئۇغۇتتىن ئىبارەت تۆت ماددا بىلەن ئۈچرىشىدۇ. بو ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ـ ئىدراكتىن مەھرۇم، بىلمەيدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان، ئۇرۇقنى تونۇمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرىنىمۇ تونۇمايدىغان جانسىز ۋە ئاجىز ماددىلاردۇر. ئۇرۇقمۇ ئەقىل ـ ئىدراكسىزلىق ۋە باشقا سۈپەتلەردە بۇلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما بۇ ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ، يېتىشىپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، ئەقىلنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەل بىر سەنئەتتۇر. ئۆسۈملۈكلەر ـ زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە ئوتياشلار يۇقىرىقى 4 خىل ماددىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان شەكىل، ھەجىم، تەم، رەڭ ۋە پۇراقلىرى بىلەن يارىتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان، نۇقسانسىز يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر«شەيئىيلەرنى تەبىئەت ياراتقان»دېگەن دەۋا راست بولىدىغان بولسا، ئەقىل ئىدراكسىز ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتسىز تەبىئەت بۇلارنى قانداق مەيدانغا چىقىرالىدى؟ تەبىئەتپەرەسلەر بۇنى قانداق چۈشەندۈرەلەيدىكىن تاڭ؟!

نۇقساندىن مۇكەممەللىككە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان مەۋجۇدات زەنجىرىنى ئىزاھلاشنىڭ بىرلا يولى مىسلىسىز قۇدرەت، ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە مۇتلەق ئىرادە ـ خاھىش ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىنى (ئاللاھنى) تونۇشتىن باشلىنىدۇ. بىز بىرەر ماقالىنى ئوقۇغىنىمىزدا ''بۇماقالىدىكى خەتلەر سىيا بىلەن يېزىلىپتۇ. چۈنكى سىيانىڭ تەبىئىتىدە (خاراكتېرىدا) ئۆزلىكىدىن خەت يېزىلىش خۇسۇسىيىتى باردۇر'' دەپ ئۇنى يازغان ئاپتورنى ئىنكار قىلالامدۇق؟ جازىدىكى چىرايلىق سىزىلغان رەسىمگە قاراپ: ''بۇ رەسىمنىڭ سىزىلىپ قېلىشى رەڭلەرنىڭ تەبىئىتىدىندۇر، ئۇ بىرەر رەسساملىڭ ھۈنىرى ئەمەس'' دېيەلەمدۇق؟

تەبىئەت ـ ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇتلەق كۈچ ئەمەس، بەلكى ئۇ تەسىر ئاستىدا قالغان ئاجىز بىر سەنئەت ياكى ئەسەردۇر. تەبىئەت ـ ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىرتقى مۇتلەق ئىرادىگە بويۇن ئېگىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى يارىتىلىشلار ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سەنئەت بىرەر بىناغا، بىرەر رەسىمگە ۋە بىرەر كىتابقا ئوخشايدۇ. «بۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆزلىرىدىكى شەيئىيلەرنىڭ خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان» دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەبگاللىقىنى ۋە نادانلىقىنى ئېلان قىلغۇچىلاردۇر. بىرەر بىنا قۇرۇپ چىقىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىلانىنى سىزىش ئۈچۈن ئىنژېنېرغا ۋە ئۇنى شۇ پىلان بويىچە پۈتتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىناكارغا ئېھتىياجلىق بولغان يەردە، كائىناتتىكى ھەر بىر سەنئەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات مەلۇم ئۆلچەم ۋە مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن ياسىلىشى ئۈچۈن بىرەر ياراتقۇچىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟!

تەبىئەتپەرەسلەرنىڭ ئۆز دەۋالىرىدا مەنتىق ۋە ئەقىلغا مۇراجىئەت قىلماستىن، پەقەت سەپسەتىلەرگە ئەسىر بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئەگەر ئۇلار مەسىلىنى ئەقىل ۋە مەنتىق تارازىسى بىلەن تارتىدىغان بولسا ئىدى، تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن بىر سەنئەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولاتتى. كائىناتتىكى ئاجايىپ سەنئەتلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتى باردۇر. خۇددى قۇياش نۇرىنىڭ يەر جاھاننى يورۇتقىنىغا ئوخشاش، ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتى كائىناتنى قورشاپ تۇرىدۇ.

# يارىتىلىش دەلىللىرى

«ئانىسىدىن كور تۇغۇلغان ئادەم يورۇقلۇقنى بىلمىگەنگە ئوخشاش، قاراڭغۇلۇقنىمۇ بىلمەيدۇ. بىلىمسىز ئادەم ئۆزى نادان بولغانلىقى ئۈچۈن جاھالەتنى بىلمەيدۇ. يوقسۇلنىڭ بايلىقى بولمىغاچقا، ئىسراپچىلىقنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ئىنسانلاردا ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە بار بولغان بىر زات ھەققىدىكى چۈشەنچە باردۇر. ئەگەر ئۇ زات بولمىغان بولسا ئىدى، بۇنداق چۈشەنچىمۇ بىزدە بولمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىز ۋە ئويلىغىنىمىز باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى بىز تەشەۋۋۇر قىلغان ۋە بارلىقىغا ئىشەنگەن زات ــ ئالاھتۇر»

ــ كانت

كائىناتنىڭ بىر باشلانغۇچى بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى مەسىلىسى ئىنسانلار ئۈچۈن قەدىمكى تارىخلاردىن بىرى تەپەككۇر ماۋزۇسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ماۋزۇدا قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن: Thales ،Anaksimondr، Demoktritose ،Anaksimenes Parmenides، لارغا ئوخشاش ماتېرىيالىزم چۈشەنچىسىدىكى پەيلاسوپلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق سۆزى ماددىنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە دۇنيانىڭ يوقتىن بار بولمىغانلىقىنىڭ دەۋاسىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ زامانلاردا ( يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىللىرىدا) ياشىغان Sokrates ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى سۆزلىگەندە، ياشلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزدى دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، تارىخ بويىچە، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن بىلىم ئىگىلىرى، ئىشەنمىگەنلەردىن ھەسسىلەپ كۆپتۇر. مەسىلەن: Leibniz ،Aristo Farabi، Decart ،Kant، ۋە بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن پەيلاسوپلار، بىلىم ئىگىلىرى ئاۋۋالقى سەۋەبكە ( يەنى ئاللاھقا) ئىشىنەتتى ۋە بۇ ھەقىقەتنى ھەرخىل مېتودلار بىلەن ئوچۇقلايتتى.

ماددىنىڭ ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى كېيىن يارىتىلغانلىقىنى قارار قىلىدىغان پىكىر ساماۋىي (ئاللاھتىن كەلگەن) دىنلار بىلەن كەلگەن چۈشەنچىدۇر. ماتېرىيالىستىك پىكىردىكى چۈشەنچىلەرنىڭ خۇلاسىسى ماددىنىڭ ئەزەلدىن

بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلار بۇ چۈشەنچىسى بويىچە تەپەككۇر قىلىپ "ئۇنداقتا ئاللاھقا ھاجەت يوق" دەۋاسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. چۈنكى، ماددىنىڭ بىر باشلانغۇچى بار دېگەنلىك ئۇنى مەيدانغا چىقارغان بىر تۆرتكە بار، ئۇ بولسا ئاللاھتۇر دېمەكتۇر.

شەرق ۋە غەربنىڭ ئىبنى سىنا، فارابى ۋە باشقا كۆپلىگەن پەيلاسوپلىرى «يوقتىن بار بولۇش» دېگەن تېمىدا بۇ ماۋزۇنى يېتەرلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان. ئۇنى مۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ: كائىناتتىكى ھەر قانداق نەرسە تۇرماستىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ پەيدا بولۇش ياكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ، يېتىشىدۇ، ئۆمۈر سۈرىدۇ، ئاخىرى ئۆلىدۇ ياكى باشقا ماددىغا ئۆزگىرىپ تۈگىشىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان تۇغۇلۇپ ئاخىرى ئۆلىدۇ. دەل ـ دەرەخلەر ئاخىرى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ ياكى چۈرۈپ توپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىدۇ. جاماداتلارمۇ ئاخىرى باشقا ماددىلارغا ئايلىنىش بىلەن تۈگىشىدۇ. بۇ خۇددى، يۇلتۇزلارنىڭ 5 ـ 10 مىليارت يىل ئۆمۈر سۈرۈپ ئاندىن باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۆمۈرگە ئىگە بولىدىغان ۋە ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغان جانلىق ـ جانسىز ھەر قانداق مەۋجۇدات بىر باشلانغۇچ باسقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا.

ئەقىل كۆزىڭىز بىلەن ئەتراپقا نەزەر قىلىپ كۆرۈڭكى، ئەتراپىڭىزدىكى جانلىق ـ جانسىز، ئەشيا، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ، جامادات قاتارلىقلاردىن بىر پەيدا بولۇش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن قايسى بىرىنى كۆرەلەيسىز؟!

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر نەرسە پەيدا بولۇش ياكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىزكى، دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك داۋام قىلغۇچى ئەمەستۇر. بىز كۆرۈۋاتقان ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىرەر باشلانغۇچ نوقتىسى باردۇر. بۇدېگەنلىك، دۇنيادىكى ھەر نەرسىنى ياراتقان ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەن بىرى بار دېگەنلىكتۇر. ئۇ بولسىمۇ ـ ئاللاھتۇر!

ياۋروپادا خۇراپاتتا ھەددىدىن ئېشىپ، ئەسەبىيلەشكەن ۋە تەرەققىياتنىڭ، ئىلىم ـ پەننىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان زوراۋان چىركاۋلارغا قارشى چىققان ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بۇ قارشىلىق ئۆز ماۋزۇسىدا توختىمىغانلىقتىن

بىر ياراتقۇچىنىڭ بار ئىكەنلىكىگىمۇ دۈشمەن بولغان نەسىللەر يېتىشتى. ھەتتا ئاللاھنىڭ بار ئىكەنكلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان ئىلىم ئىگىلىرى مەيدانغا چىقتى. يەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىئولوگىيە ۋە فىزىكا ساھەلىرىدىكى پەۋقۇلئاددە تەرەققى قىلىش بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، پىكىرلە ۋە ئېتىقادلاردا جىددىي ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەرخىل مېتودلار، تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى، يېڭى كەشپىياتلار ۋە تېلېسكوپ قاتارلىقلار ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلىدى ۋە ئۆزگەرتتى. بۇ تەرەققىياتلاردىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە مۇنازىرىلەشمەيدىغان بولدى. چۈنكى، كائىناتنىڭ بىر پەيدا بولۇش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى زامانىمىزدىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ سايىسىدا ئىسپاتلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا ھاجەت قالمىغان بولىدۇ. كائىناتنىڭ ھاياتىدىكى بۇنداق بىر پەيدا بولۇش باسقۇچى ئۇنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنى بىز ئاللاھ دەيمىز!

# ئاجايىپ قانۇنىيەت

كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغاندۇر. بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قويمايمىز. ئويلايمىزكى، ھەر نەرسىنىڭ بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلىشى ھېچقانچىلىك ئاجايىپلىق ئەمەس، بەلكى بۇ شۇنداق تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا، ئەھۋال بىز كۈتكەندەك بولماي قالسا، بىز ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋال دەپ سانىغانلىقتىن ئەجەپلىنىپ كېتىمىز. مەسىلەن: ئىككى باشلىق بىر بۇۋاق دۇنياغا كەلسە، تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە باشقىمۇ ۋاسىتىلەرى بارچە دىققىتىنى بۇ مەسىلىگە بېغىشلايدۇ. تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھادىسە ھەققىدە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ، ئادەملەر بۇ كەمتۈك تۇغۇلغان بۇۋاققا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ قورساقلىرىدا قانچىلىغان كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىشلەملەرنىڭ، ئىجرائاتلارنىڭ نەتىجىسىدە بۇنداق ساغلام ۋە بىجىرىم تۇغۇلغانلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئەجەپلىنىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇ دەل مىليونلىغان يىللار مابەينىدە بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەتنىڭ قانداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدۇر.

بىر بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر بۇۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى ئۇنىڭ بىجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى، بۇۋاقنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ھەركۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلۇم جايلارغا يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيدۇ». چۈنكى، ـ بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىسپاتلىغاندەك ـ بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە ھۈجەيرىلەردۇر. ھەر بىر ھۈجەيرىدە بولغان ماددىلار بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنىڭ شەكلى، كۆزىمىزنىڭ ۋە چېچىمىزنىڭ رەڭگى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىمىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشىمىز قاتارلىق ئايرىمچىلىقلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكى ئەڭ ئاددى بۇزۇقلۇق بۇۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا

ئىشلەم خاتالىقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بۇۋاقلارنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بېجىرىم تۇغۇلش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىشلەملەر قايتا تۈزۈتىلىپ، ھەر ئىش ئۆز يولىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، پاكلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمايدىغان بولسا، بىز كەمتۈكسىز، ساق ـ ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ شۇنداق قانۇنىيىتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بۇۋاقلار كەمتۈك تۇغۇلىدۇ؟

«تەبىئەت»تىن ئىبارەت بىر ئەقىل ـ ئىدراكسىز ماددا سايىسىدا بۇنچىلىك ئېسىل مەۋجۇداتلار، خۇسۇسەن ئەقىللىق ئىنسانلار قانداقمۇ بارلىققا كەلسۇن؟! ئاللاھ جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىشى ئارقىلىق ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بەرمەكتە ۋە مۇنداق دېمەكتە: «سېنىڭمۇ شۇنداق كەمتۈك تۇغۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما كەمتۈك بولمىدىڭ، ساغلام تۇغۇلدۇڭ. ئۇنۇتمىغىنكى ئۈستۈڭدىكى نېمەتلىرىم كۆپتۇر».

ئىنسانلاردىن ئورمانلارغىچە، ھاشارەتلەر ئالەمىدىن يۇلتۇزلارغىچە سوزۇلغان مۇكەممەللىك زەنجىرى ھېچ بۇزۇلماستىن داۋام قىلىپ كەلمەكتە. چوڭ شەھەرلەردە ياشىغانلار بىلىدۇكى، قاتناشنىڭ زىچلىقىدىن بەزىدە ماشىنىلار ئارقا ـ ئارقىسىغا تىزىلىپ كېتىدۇ. بىرەر ماشىنىنىڭ خاتالىق ياكى بۇزۇلۇش تۈپەيلى توختاپ قېلىشى سەۋەبلىك ئارقىسىدىكى بارلىق ماشىنىلار توختاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يۈرۈش توختايدۇ. گاھىدا بۇنداق توسۇلغان يول ئىككى سائەتتە ئاران ئېچىلىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ھەركۈنى دېگۈدەك قاتناش قازاسى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما كۆك يۈزىدىكى بىرلا سامان يولى گالاكسىيىسىدە قانچە يۇلتۇز بار، بىلەمسىز؟ 200 مىليارتتىن كۆپرەك يۇلتۇز بار. بۇلارنى جىم ياتىدۇ، دەمسىز؟ ياق! بۇلارمۇ قاتناش، ھەمدە ئالاھىدە چوڭ ۋە مۇرەككەپ قاتناشلاردۇر. بۇلار ئۆز ئوقىدا تۇرماستىن ئايلىنىپ ۋە سەير

قىلىپ تۇرىدۇ. ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم بۇ قاتناشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ ۋەقە چىقارغانلىقىنى ياكى بىرەرسى توختاپ قېلىپ باشقىلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ تەبىئىيكى، ياق! چۈنكى بۇنداق ئەھۋال يۈزبەرگەن بولسا، كائىناتنىڭ نىزامىدا بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولاتتى، بەلكى سىز بىلە مەنمۇ بولمىغان بولاتتۇق. ئەمدى، بۇ يۇلتۇزلار ئۆزلىكىدىن شۇنداق تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۆزلىكىدىن شۇنداق مۇنتىزىم ھالدا ئايلىنامدۇ؟ تەسادىپىيلىقتا شۇنداق مۇكەممەل تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە سىستېما بولامدۇ؟ بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بىرقانچە مىليارت يىلدىن بېرى بۇ تەرتىپ ــ ئىنتىزام ھېچ بۇزۇلماستىن ئۆزلىكىدىن قانداق داۋام قىلالىدى؟
مەلۇمكى، تاسادىپىلىق دېگەن نە نىزام، نە سىستېما بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ۋە ئۇشتۇمتۇت مەيدانغا چىقىدىغان نادىر ھادىسە دېمەكتۇر.

# تاسادىپىلىق ۋە نىزام

دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىدا تاسادىپىلىقنىڭ تەسىرى بارمۇ؟
قۇياشتىن ئايرىلغان يەرشارى ئىسسىلىك بۇ كىچىك يۇلتۇز ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا يەرلەشكەندۇر. بۇ يۇلتۇز بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە ئەڭ ھېكمەتلىك ھالدا بەلگىلەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا(ياكى ئوقىغا) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياشقا ئازراق يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى بارلىق كائىنات كۆيۈپ كۈل بولاتتى، قۇياشتىن ئازراق ئۇزاقلىششى بىلەن ئۇنىڭدىكى بارلىق كائىنات مۇزلاپ تۈگىشەتتى. ئەمما يەرشارى بىلەن قۇياش ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مەساپىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان بولسا، مەۋسۇملەر ۋە كېچە ـ كۈندۈزلەرمۇ بولمىغان بولاتتى.
يەرشارىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۇنىڭ بىر ئورۇنغا بېكىتىلگەن، مىدىرلىماس توپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئۇ، بىر سېكونتتا 30 كېلومېتىر تېزلىكتە قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ۋە قۇياش بىلەن بىرگە 20 كىلومېتىر تېزلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان بىر سەييارىدۇر. ئۇ مۇشۇنداق سەيرىسى بىلەن ھەم تېزلىكىنى يوقاتمايدۇ ھەم قۇياش بىلەن بولغان مەساپىسىنى بۇزمايدۇ. بىرلا يەرشارى ئەمەس، بەلكى باشقا مىڭلارچە پلانىتلار ۋە مىليونلارچە يۇلتۇزلارمۇ شۇنداق ئىنتىزاملىق ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىنتىزام ۋە مۇساپە جەھەتتىكى سىستېمىنى بۇزماستىن تەكشى ھەرىكەت قىلىشى بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا تاسادىپىلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئىنساننى مىسال قىلايلى: بىر ئىنساندا 208 پارچە ئۇستىخاننىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق بىر ھەقىقەت. ئەگەر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسى تاسادىپىلىق بىلەن بولىدىغان بولسا، بىر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسى يەنە بىر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسىغا ئوخشىمىغان بولماسمىدى؟ چۈنكى ھەممىگە مەلۇمكى، تاسادىپىلىق دېگەن نىزام ۋە سىستېمىلەر بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ئۇشتۇمتۇت ھادىسە.

دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەر بىر بوۋاق ئۆزىنىڭ ئاۋازى، بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرى، سىماسى، سۆزلەش ئۇسۇلى... ۋاھاكازا بىر قانچە جەھەتتىن يەنە بىرسىدىن پەرقلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىرخىل پىلاندا يارىتىلىشى تاسادىپىلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پروفېسسور جاك كۇيس يارىتىلىشتا تاسادىپىلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يەر يۈزىدە ھاياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئېھتىمال ھېسابلارغا باغلايدىغان بولساق، بىزنىڭ مەۋجۇت بولىشىمىزنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز».

ئامېرىكىلىق پروفېسسور مېخائىل هارت ئېھتىمال ھېسابى بىلەن بېرەر جانلىقنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلىغان ۋە تاسادىپىلىق يولى بىلەن ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنساننىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىقى ئىككى ئالىم شۇنداق بىر ئوچۇقلاش بىلەن سۆزىنى تاماملىغان: "ئىلىم ــ ۋەقەلىكلەرنىڭ «نېمە ئۈچۈن»لىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى «قانداق» ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش دېمەكتۇر. بىز بىلىم ئادەملىرىمىز. ئەڭ كىچىك مەۋجۇداتتىن ئەڭ چوڭىغىچە ــ ئاتومدىن يۇلتۇزلارغىچە سوزۇلغان پۈتۈن كائىنات ئەڭ مۇكەممەل بىر نىزام، خارىقى ئادەت بىر سىستېما بىلەن تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كائىناتنىڭ ئەقىلنى مەس قىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلىرى كۈنسېرى ئاشماقتا.

بۇ كائىناتنىڭ بىر غايىسى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ھاياتلىقنى ۋە ئىنساننى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر. بىز پەقەت "كائىناتنىڭ فىزىكىلىق قۇرۇلمىسى ھاياتلىق بىلەن ئىنساننى يېتىشتۈرەلەيدىغان شەكىلدە يارىتىلغاندۇر" دېگەندىلا، كائىناتنى مەنىسىز ۋە ھېكمەتسىز يارىتىلغان دېيىشتىن قۇتۇلدۇرغان بولىمىز. شۇنداق دېگەندىلا كائىنات چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىزمۇ ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بۇ چوڭقۇر مەنىنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز.

«قولىڭىزدىكى تەڭگە پۇلنى بىر مىليون قېتىم ھاۋاغا ئاتسىڭىز ۋە بۇ پۇل ھەر قېتىمدا ئەينى يۈزى بىلەن چۈشسە، شۇ ۋاقىتتا تاسادىپىلىققا ئىمكانىيەت بار دېمەكتۇر» دېگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىلىمنىڭ تاسادىپىلىقنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.

ئادەتتە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە يوقىرى مەلۇماتلىق ئىنژىنېرلار ئىشلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىقىپ، ئاندىن پىلانلايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھېسابلىرىدا ۋە پىلانلىرىدا بەزى خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ. «پېتېرنىڭ پرىنسىپى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى رايموندھول مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئانا يول كۆۋرۈكىنىڭ بىر ئاندىلا يىقىلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى بۇ كۆۋرۈكنىڭ پىلانى قانچە قېتىم قايتىلاپ تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر يېرىدە پىلان خاتالىقى يۈز بەرگەنلىكى. بىر ئىنگىلىز ئىنېرگىيە مەركىزىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۈچ سۇغۇتما ماشىنىسى بىر ئاندىلا يىقىلىپ تۆگەشتى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ياسالغان ئىدى. ئەمما بۇلار كۈچلۈك بىر شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى».

يوقىرىقى مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك، ھېساب ۋە پىلاندىكى كىچىككىنە خاتالىقنىڭ چوڭ مۇشكىلاتلارغا يول ئاچىدىغانلىقى تۇرغان يەردە، ھەر بىر پارچىسى ئەڭ مۇكەممەل ئۆلچەم، ئەڭ مۇكەممەل نىزام ۋە ئەڭ مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقى بىلەن يارىتىلغان مۇشۇ كاتتا كائىنات بېرەر تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

بۇكائىناتنىڭ مىليارتلارچە يىلدىن بېرى شۇنداق بىر خىل داۋام قىلىشى تاسادىپىيلىقتىنمۇ؟

مەيلى بېرەر قېتىم تاسادىپىيلىق يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال دەپمۇ پەرەز قىلايلى، ئەمما دۇنيا يارىتىلغاندىن بۇيانقى 15 مىليارت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا ھەمىشە شۇنداق تاسادىپىيلىق يۈز بېرەمدۇ؟ قېنى ئويلاپ بېقىڭ؟!

# كۆرۈش ۋە ئىشىنىش

بەزىلەر: «ئىنسان كۆرگىنىگە ئىشىنىدۇ» دەيدىغان ئاتالمىش پەلسەپىنى دەستۇر قىلىۋېلىپ، غەيبكە ـ كۆز بىلە كۆرگىلى بولمايدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىنكار قىلماقچى بولىشىدۇ. ھالبۇكى ئىنسان كۆرگەن نەرسىسىگە خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن ئىشىنىشكە مەجبۇردۇر. ئىنساننىڭ كۆرگەن ۋە بىلگەن نەرسىلىرىگە ئىشىنىشى نورمال بىر ئەھۋال.

«ئىنسا كۆرگىنىگە ئىشىنىدۇ» دېگەن بۇ جۈملە مۇشۇ مەنىسى بىلەن چۈشىنىلسە، بۇ، ئىنكارچىلارنىڭ دەۋاسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا قارشى دەلىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى «ئىنسان كۆرگىنىگىلا ئىشىنىدۇ. ئەمما كۆرمىگىنىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئىشەنمەسلىكى كېرەك» دېگەن چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، بىز بۇ جۈملە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مۇھتاجمىز. بۇ جۈملىنى ئىككىنجى مەنىسى بىلەن ئالساق، بىز ئۇنىڭ تامامەن ئەكسىنى سۆزلەيمىز ۋە دەيمىزكى، ئىنسان كۆرمىگىنىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ كۆرمىگىنىگە ئىشىنىدىغان يېگانە مەۋجۇداتتۇر. ئىشىنىش كۆرۈنگەننىڭ ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمىگەننىڭ ئۇنۋانىدۇر. چۈنكى ئىنسان كۆرگىنىگە بەربىر ئىشىنىدۇ. ئۇنى ئىشىنىشكە باغلاشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق.

مەسىلىنى ئەسلىگە قايتۇرساق، ئىشىنىش بىلەن كۆرۈش ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئالاقە قۇرۇش ھەرگىزمۇ مەنتىقلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىمان كۆرۈنگەننىڭ ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمىگەننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر. شۇ ۋاقىتتىلا ئىماننىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بەزىلەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدىكى كىشىلەرمۇ مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، «پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەنلىك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا كەلگەن ۋەھيىنىڭ ھەقلىقىگە ئىشىنىش دېمەكتۇر. ئۇلارنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىش بىلەن، بىزگە ئوخشاش ئۇلارنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقانلىقنىڭ ئىشىنىش جەھەتتىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! ئەلۋەتتە كۆرۈش ئىماننىڭ كۈچلىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئىنكار

قىلغىنىمىز يوق. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدىغان ھېكمەتمۇ بار. بۇدېگەنلىك، كۆرۈش ئىشىنىشنى كۆچەيتىدۇ دېگەنلىك بەس. ئەمما ئۇ، ئىشىنىش ئۈچۈن شەرت بولالمايدۇ. چۈنكى ئىمان كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىشكە قويۇلغان ئىسىمدۇر. كۆرۈش ئىشىنىش ئۈچۈن شەرت بولىدىغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزىلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن بىردەك ئىمان ئېيتمىغان؟

بىزنىڭ «كۆرۈش ئىشىنىشنى كۈچلەندۈرىدۇ»، دېگەن سۆزىمىزمۇ مۇتلەق ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى نىسبىيدۇر. چۈنكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمانى بىردەك كۈچلىنىپ كەتكەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە غازاتلاردىن قاچقانلارمۇ ئاز بولمىغان. بۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەسمۇ؟ ئەكسىچە، نە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، نە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ داھىلىرى بولغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە سابىت داموللامىلارنىڭ ئىمانى ئۇلاردىن كۈچلۈك بولغان ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ۋە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلسا، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەنلىكىمۇ، ئىماننىڭ ھەممە كىشىدە ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەننىڭ سىرتىدا، كۆرۈشنىڭ ھەممە كىشىنىڭ ئىشىنىشىنى بىردەك كۈچەيتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىسسىي مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن يالغۇز ئەبۇ بەكرىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ ـ مۇسۇلمان، كاپىر ـ ھەممىسى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئەمەسمۇ؟

كۆرۈش ۋە ئىشىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئەقىلدۇر. ئەگەر ئەقىل كۆرمىگىنىگە ئىنكار قىلماقچى بولسا، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىنكار قىلىشتىن باشلىشى كېرەك. چۈنكى ئەقلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئەقلىنى ئەقىل ئۆزىمۇ كۆرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

غەيبكە (كۆرمىگەنگە) ئىشىنىشنىڭ شۇنچىلىك يوقىرى مەرتىۋىلىرى باركى، كۆرۈش ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. «پەردىلەر ئېچىلىپ، ئىشەنگەنلىرىمنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ ئىمانىمغا ھېچ نەرسە قوشۇلماستىن يەنىلا بىرخىل تۇرىدۇ» دېگەنلەرمۇ بار. بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.
كۆرۈشنى ئىشىنىشنىڭ شەرتى، دەپ سانايدىغان بولساق، ئالدى بىلەن تارىخنى ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخ ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ، كىتابلاردىن ئوقۇش ياكى ئاغزاكى ئاڭلاشلار ئارقىلىق ئىشىنىلىدىغان نەرسە. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىيەنىڭ 8- يىلى مەككىنى ئەرەب بۇددىست كۈچلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلغانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە شەك قىلماستىن ئىشىنىمىز. ئەگەر مۇمكىن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا قايتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە جىھادقا قاتناشقان ۋە مەككىنى بىللە ئازات قىلغان بولساق بۇ ۋەقەلىكنىڭ راستلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز كۈچلىنەمتتى؟ تەبىئىيكى، ياق! چۈنكى كۆزىمىز بىلەن كۆرسەكمۇ شۇ ۋەقەلىكنى كۆرىمىز، كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنسەكمۇ يەنە شۇ ۋەقەلىككە ئىشىنىمىز. كۆرگەننىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ ۋاقىتتىكى بىردەملىك ھاياجان، بەس.
ئەگەر بىز «كۆرگىنىمگىلا ئىشىنىمەن، كۆرمىگىنىمگە ئىشەنمەيمەن» دېمەكچى بولساق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئاپراسياپ، ئوغۇزخان، سۇتۇق بوغراخان، مەھمۇد قەشقىرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە باشقىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىز بۇ ئۇرۇشلارنى ۋە مەزكۇر ئەجدادلىرىمىزنى كۆرمىدۇق، پەقەت تارىخلاردىن ئوقۇپ ئىشەندۇق ھەمدە ھېچقانداق شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە جەزم قىلدۇق. بىز تارىخ كىتابلىرىغا شۇ دەرىجىدە ئىشەنگەن يەردە، ساماۋىي(ئاللاھ چۈشۈرگەن) كىتابلارنىڭ «ئاللاھ باردۇر!» دېگەن سۆزىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيمىز؟ مەزكۇر كىتابلار ئىچىدىن خۇسۇسەن قۇرئانغا نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيمىز؟ ھالبۇكى، قۇرئان ئادەتتىكى بىر كىتاب ئەمەس، ئۇ راستچىللىقىدا پەۋقۇلئاددە شۆھرەت قازانغان، 14 ئەسىردىن بېرى ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى بىلەن ھەر دەۋر رەقىبلىرىگە مۇنازىرە ئېلان قىلىپ كەلگەن ۋە يەرشارى نوپۇسىنىڭ 5تىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ئىشەنگەن

ئالاھىدە بىر كىتابتۇر. دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئارتۇق مۇسۇلمان قەۋمىنىڭ سىزچىلىك ئەقلى يوقمۇ؟ ئەگەر ئەڭ كۆپ دېگەندە، شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەرسىچىلىك ئەقلىڭىز بولىدىغان بولسا، كۆز بىلە ئەقلىنىڭ رولىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى پەرقلەندۈرەلىگەن بولار ئېدىڭىز!

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆرمەستىن ئىشەنگەنلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ ئىشەنگەنلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە چوڭ پەرق يوق. مەسىلەن: كۆپلىرىمىز ئاتوم، مېكروب ۋە باكتېرىيەلەرنىڭ ھېچبىرىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن ھېچ شەك قىلمايمىز. چۈنكى، بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «كۆردۇق» دېيىشى بىزنىڭ ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

قېنى مېكروسكوپ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بارلىق جىھازلار بىر ئاندىلا يوق بولدى ياكى ئۇلارنىڭ كۆرۈش سىستېمىسى بۇزۇلدى، باشقىسىنى ياساشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى، دەپ پەرەز قىلايلى، بۇۋاقىتتا، ئاتوم، مېكروب ۋە باكتېرىيەلەرنى كۆرەلمىگىنىمىز ئۈچۈن بۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلالامدۇق؟!

ئۆتمۈشلەردە مېكروسكوپ بولمىغاچقا مېكروب، باكتېرىيەلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇلار شۇ دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدا ئېدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مېكروب ۋە باكتېرىيەلەر يوقمىدى؟ ئۆتمۈشتىكىلەر بۇلارنى كۆرۈش بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنىڭ سىرتىدا ئېدى دېيەلىسىمۇ، بۇلارنى ھەقىقىي مەنىدە يوق ئېدى دېيەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇلار كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، مېكروب ۋە باكتېرىيەلەر ئىنسانلار يارىتىلىشتىن بېرى بار ئېدى.

كۆرۈشنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ۋە كۆزنىڭ كۆپ ھاللاردا خاتالىشىدىغانلىقىنىمۇ ئونۇتماسلىق كېرەك. بۇمەسىلىنى ئىزاھلاشقىمۇ ھاجەت يوق. ئەقلىڭىز باشقا جايدا بولغان ۋاقىتتا ئالدىڭىزدا تۇرغان ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ تونۇشلۇق ئادىمىنىمۇ كۆرمەي قېلىشىڭىز، گاھىدا ئۇنى باشقىسىغا ئوخشىتىپ قويۇشىڭىز ياكى تونۇماي قېلىشىڭىز، سەرابنى سۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز كۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىدىن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، «مۇناپىق كۆزگە، مۇئمىن سۆزگە ئىشىنىدۇ» دېيىلىدۇ.

بۇ ئورۇندا، كۆزگىلا ئىشىنىشنىڭ ئىنسانلارنى چوڭ خاتالىقلار ۋە ئىمانسىزلىقلارغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى خالايمىز. بىز ھەمىشە قۇياشنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە يەرشارىنىڭ جىم تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر كۆز ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، بۇۋاقىتتا بىزنىڭ يەرشارىنىڭ ئۆز ئورنىدا جىم تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە قۇياشنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىمىز تەبىئىي ھەققىمىز بولغان بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت بۇنداق ئەمەس. كۆزىمىز بىزنى ئالدايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغىنى يەرشارى، ئۆز ئوقىدىكى ھەرىكىتى بىلەن تۇرغىنى قۇياشتۇر! ئادەمنى ھەمىشە ئالدايدىغان، ۋە كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولغان كۆزگە ئىشىنەمدۇق ياكى ئەقلىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئىلمىي ھەقىقەتكىمۇ؟! (پېقىرنىڭ «غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز»ناملىق ماقالىلار توپلىمىدىن).

# پوزىتىۋىزم

ئىلىم - پەن سەلتەنەت سۈرىۋاتقان ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. ئاتوم پارچىلاندى. يۇرەكنى يۆتكەپ سېلىش ئىشى ئەمەلگە ئاشتى. ئايغا بايراقلار تىكىلدى. مۇساپىلەر قىسقاردى، ھەتتا دۇنيا كىچىكلىشىپ بىر مەھەللىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئىنتېرنېت ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى بىر قانچە سېكۇنتنىڭ ئىچىدىلا كېزىپ چىقىدىغان بولدۇق. ئىلىم - پەننىڭ ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى تېخى كەشىپ قىلىنمىغان يېڭى ئۇپۇقلارغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بىر تەرەپتىن ھەشەمەتلىك لاباراتوۋار(تەجرىبە خانا)لار قۇرۇلۇۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيانى كىچىك بىر تەجرىبە مەيدانىغا ئوخشىتىپ ھەرساھە تەتقىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم - پەن خادىملىرى كۆرۈنگەن ئالەمنىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشماقتا. مۇشۇ تەتقىقاتلار بىلەن بىرلىكتە پوزىتىۋىزم دەپ ئاتىلىدىغان پەلسەپىۋى ئېقىم ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىمىز تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدىغان ئىجابىي ئىلىملەردۇر. چۈنكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىم - پەنلەرنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى پەرزلىرىدىن بىرىدۇر. زامانىمىزدا ياۋروپا ئەللىرى بۇ ساھەلەردە ئالدىنقى سەپتە تۇرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب: دىنىمىزنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىغانلىق ۋە ئۆمرىمىزنى، ئەقلىمىزنى ئۆز ئارىمىزدىكى پارچىلىنىشتىن باشقىسىغا يارىمايدىغان دىنىي تالاش- تارتىشلار ۋە مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈشلەر ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقىمىز ۋە تەركىدۇنيالىق يولىغا كىرىۋېلىپ، تەرەققىياتقا يۈزلەنمىگەنلىكىمىزدىن ئىدى. بىز بۇ قىلمىشلىرىمىز تۈپەيلى دىنىمىزغا ئاسىيلىق ۋە ئۆزىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى بەخت - سائادىتىگە زىيانكەشلىك قىلغان بولدۇق.

«پوزىتىۋىزم» سۆزى بىزنىڭ ئىستېمالىمىزدا «ئىسپاتچىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، پوزىتىۋىزممۇ ئىجابىي ئىلىملەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە ۋە ھەرقانداق پىكىر ياكى نەزەرىيەنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىدىغان بىر ئىلغار دىندۇر. ئەمما ھازىرقى زامانىدىكى

ئاتالمىش پوزىتىۋىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماددا ئالەمدىكى ھەر قانداق بىر شەيئىنى كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىش نۇقتىسىدىن ھالقىپ، ھەتتا ھەر قانداق پىكىرنىمۇ كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىسپاتلاش ئۇچۇن بىھۇدە ئاۋارە بولغۇچىلاردۇر.

بۇ ساھەدە ھەددىدىن ئېشىپ «فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ۋە باشقا پەنلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان پىكىرلەردىن باشقىسىنى قوبۇل قىلماڭلار» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئىسلام دىنى بارلىق ئىلىم - پەنلەرنى ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ھەر قانداق بىر پەننى ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ مەيدانىدا ئىزدىنىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ھەر بىر پەننىڭ ئۆزىگە خاس مەيدانى ۋە تەتقىق قىلىش ماۋزۇسى بولىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ ئورنى ۋە تەتقىقات ماۋزۇسى ماددىدۇر!

مەسىلەن:

فىزىكا ـ جىسىملارنى ۋە مەۋجۇداتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

خىمىيە ـ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كەشىپ قىلىدۇ.

بىئولوگىيە ـ جانلىقلار دۇنياسىنى ئايدىڭلىتىدۇ.

ئاسترونومىيە ـ ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىببىي ئىلىملەرنىڭ تەتقىقات ماۋزۇسى ئىنسان جىسمىدۇر. باشقا جانلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ.

دىنىي ئىلىملەرنىڭ مەنبىئى ۋەھىيدۇر. دىنىي مەسىلىلەر لابوراتورىيەلەرگە كىرمەيدۇ. شۇڭا ماددىنىڭ ساھەسى تۈگىگەن يەردىن مېتافىزىكا(ماددا ئالەمنىڭ سىرتى) دۇنياسى باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ساھەسىگە ئوخشىمايدىغان بۇ يوچۇن دۇنيانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھېسسىي ئەزالىرىمىز بىلەن ھېس قىلالمايدىغان بۇ مەنىۋىي ئالەمنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مۇتەخەسسىسلىرى باردۇر.

بۇ ساھەدە سۆز ئۇلارنىڭكىدۇر. مەسىلەن: بىر تەبىئىي پەن ئالىمى مەنىۋىي ماۋزۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقارسا، ئەھۋال قانداق بولماقچى؟ بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆز ساھەسىدىن چەتنەپ، باشقىلارنىڭ ساھەسىگە كۆز تىككەن بولىدۇ ۋە مەنتىقىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇ ئۆز ساھەسىگە قايتۇرۇلىدۇ. خۇددى

ئىنژىنېرنىڭ سۆزى تىببىي ساھەدە ئاقمىغان ۋە رەسسامنىڭ پىكرى ئاسترونومىيەدە ئۆلچەم بولالمىغاندەك، فىزىكا ئالىمىنىڭ ياكى دوختۇرنىڭ سۆزىمۇ دىنىي ماۋزۇلاردا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. خۇددى ئالما دەرىخىدىن سۈت سېغىلمىغاندەك، قويدىنمۇ ئالما كۈتۈلمەيدۇ. پوزىتىۋ ئىلىملەرنىڭ ساھەسى پەقەتلا ماددا ئالەمىدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ماددا ئالەمنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىگە ئىسىملارنى قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنى ئونۇتماسلىق كېرەككى، ئىلىم ـ پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قىلغان ۋە قىلىدىغان ۋەزىپىسى يارىتىش ئەمەس، بەلكى كەشىپ قىلىشتۇر. «كۆز بىلە كۆرۈپ ئىسپاتلىيالمىغان ۋە تەجرىبىلەر بىلەن چۈشىنىلمىگەن مەسىلىلەرگە ئىشىنىلمەيدۇ» دېگەن سۆز ماددا ئالىمىگىلا خاس قىلىنسا توغرا بولغان بولىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى دىنىي مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ چۈشىنىش ئىنتايىن خاتادۇر. بۇ ئورۇندا مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ئانداقتا دىنىي پىكىرلەرنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ دىنىي پىكىرلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەنتىق ئۆلچىمى ۋە پەلسەپىسى يوقمۇ؟ پوزىتىۋ ئىلىملىرى بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

توغرا، دىنىي مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. ئىنسانلاردا ئەقىل، ئىلىملەر ئارىسىدا مەنتىق (لوگىكا) ئىلمى مەۋجۇتلا ئىكەن، دىنىي پىكىرلەرنى بۇ ئىككىسى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىندۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ مەنبىئى ۋەھىيدۇر. دىنىي پىكىرلەر ۋە دىنىي مەسىلىلەر نەقىلگە(يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە) ئاساسلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ئەينى ۋاقىتتا، ئەقىلنىڭمۇ بۇ مەيدانغا كىرىشىنى توسمايدۇ. بۇ نوقتىنى مۇنداق بىر مىسال بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىز بىر تاغنىڭ شەرقىدە تۇرغان بولساق، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىز ئېنىق. شۇ ۋاقىتتا غەرب تەرەپتىن راستچىللىقى ياكى يالغانچىلىقى بىزگە مەلۇم بولمىغان 10ئادەم كېلىپ بىزگە: «بۇ تاغنىڭ غەربىدە ئوت يېنىۋاتىدۇ» دېسە، ئۇلارنىڭ بەرگەن بۇ خەۋىرىگە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىشىنىمىز. ئەگەر بۇ ئادەملەر راستچىللىقتا تونۇلغان ئادەملەردىن بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشىنىمىز ۋە ھېچ شەك قىلمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئەينى مىسالدا كۆرگىنىمىزدەك، 10 ئەمەس، يۈز ئەمەس، مىڭ ئەمەس، بەلكى مىڭلارچە پەيغەمبەر ئەينى نوقتىنى ئېلان قىلىپ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەك «ئاللاھ باردۇر. ئۇ بىردۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى راستتۇر» دەپ سۆزلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار مەنىۋى ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە راستچىللىقى، گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان ئۆلگىلىك زاتلاردۇر. بۇنداق جىددىي ۋە مەشھۇر بىر خەۋەرگە ئىشەنمەسلىك ۋە مېتافىزىكا دۇنياسىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرمىسەك ئىشەنمەيمىز دېيىش قايسى ئەقىلغا، قايسى ئىلمىي ھەقىقەتكە ۋە قايسى مەنتىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەۋەرنى مىڭلارچە پەيغەمبەر، مىليونلارچە ئالىم ۋە مىليارتلارچە مۇسۇلمان قەۋملەر ئەسىرلەردىن بۇيان يۈرەكلىرى بىلەن تەستىق قىلىپ ۋە ئۇنى ياڭرىتىپ كەلدى ئەمەسمۇ؟!

ئىلىم - پەن كىشىلەرنى ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئەمەس، بەلكى بۇ ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە يېتەرلىك شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى لوگىكا ئىلمى بىزگە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ چوقۇم بىرەر سەنئەتكارى بارلىقىنى ئۆگىتىدۇ. بىرەر رەسىمنىڭ ئۇنى سىزغان رەسسامنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولغىنىدەك، ئىلىم - پەننىڭ تەتقىقات ماۋزۇسى بولغان بۇ چوڭ كائىناتمۇ، بىر چوڭ سەنئەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۆزىنىڭ سەنئەتكارىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر. ئۇ بولسىمۇ، مۇكەممەل ئىلىم - ھېكمەت ۋە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسى بولغان ئاللاھتۇر!

پوزىتىۋىزم ۋە باشقا ئىلىم - پەنلەر ـ ئەگەر ئۆز يولى بىلەن، توغرا يوسۇندا ئىشلىتىلسە ـ قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىنى، شۇنداقلا دىنىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلىدۇ. زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەن سايىسىدا كۆپلىگەن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسپاتلانغانلىقى ۋە ئاتېئىزمچىلارنىڭ خىيالىي پەلسەپىسىنىڭ ئاللىقاچان سەھنىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىمۇ بىر رېئاللىقتۇر.

# مۇقەددەس كىتابلار

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى بۇزۇلغان تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت يوللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردۇر. ئاللاھنىڭ مەزكۇر پەيغەمبەرلىرى ھېچ ۋاقىت ئۆز خاھىشلىرىغا كۆرە ئىش كۆرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا شۇ بويىچە تولۇق يەتكۈزەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيلەر ئارقىلىق مۇقەددەس كىتابلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىچىك ھەجىملىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە چوڭ ھەجىملىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەۋرات(كونا ئەھد)، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.
2. ئىنجىل(يېڭى ئەھد)، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.
3. زەبۇر(دۇئا كىتابى بولۇپ تەۋراتتىن ئورۇن ئالغان)، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.
4. قۇرئان كەرىم، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئون ئەمىر ۋە تەۋرات:

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىمۇ ئاۋۋالقى زامانلاردا تەۋراتقا ئەمەل قىلاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە بىلدۈرگىنىگە كۆرە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى ”تۇر تېغى“ دا ئون ئەمىر چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن:

1- ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار.
2- ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.
3- ئۇرۇق- تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىڭلار.
4- ئىگىسىز يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.
5- كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىڭلار.
6- ئىنسانلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار، ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار.

7- نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار.
8- زاكاتنى ئادا قىلىڭلار.
9- بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار.
10- بىر - بىرىڭلارنى ئۆز مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقارماڭلار، دەپ ئەھدە ئالغان ئىدۇق.» (بەقەرە سۈرىسى 83 -84 - ئايەتلەر)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلار يوق دىيەرلىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تەۋراتنى ئوقۇشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەۋرات بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولغانلىقتىن ئۇنى يادلىۋېلىشقا ئەسلا ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كۆپلىگەن سوقۇشلار بولۇپ ئۆتتى. ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئەسىرلەر بويى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئۆمۈر سۈردى. ئۇلار بۇ ئاسارەت دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنى قوغداپ قالالمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات ئاللىبۇرۇنلا يەر يۈزىدىن يوقىلىپ بولغان ئىدى. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدىكى تەۋرات مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622- يىلى يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن يېزىلغان بولۇپ، رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ ئاپتورى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىيە تىلىدا چۈشكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ھەر پەيغەمبەرگە شۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلىدا كىتاب چۈشۈرگەن. زامانىمىزدىكى تەۋرات نۇسخىلىرى بولسا، ئەسلىسى ئارامىيە تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كېيىنچە ئىبرانىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىدۇر.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىنجىل:

ئىنجىل ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر. ئىنجىلمۇ خۇددى تەۋراتقا ئوخشاش ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەسلى بويىچە قوغدىنالمىغان. خىرىستىئانلارنىڭ بېشىغىمۇ، بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئەينىسى كەلگەن بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

ئۇنىڭ مۇرىتلىرى خىرىستىئان دىنىنى رومالىقلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، خىرىستىئان دىندارلىرى بارغانلا يېرىدە قەتلىئاملارغا ئۇچراپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان ئەسلىي ئىنجىلنى ساقلاپ قالالمىغان. پەقەت مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي روما ئىمپېراتورى كونستانتىن (Konstantin)نىڭ خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ دىن راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ ۋە خىرىستىئان دىنى رومادا تۇنجى قېتىم دۆلەت دىنى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. كېيىنچە بۇ دىنىنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلغاندا 100دىن كۆپرەك ئىنجىلنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روما ئىمپېراتورى كونستانتىن مىلادىيەنىڭ 325 ـ يىلى ھازىرقى تۈركىيەنىڭ «ئىزنىك» دېگەن يېرىدە مىڭدىن كۆپرەك خىرىستىئان دىنى ئالىمىنى يىغىپ بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ۋە ھېچ يېقىنلاشمايدىغان مەزكۇر ئىنجىللارنىڭ ئىچىدىن ئاپتورلىرى مەشھۇرراق بولغان 4 ئىنجىلنى مۇقەددەس كىتاب دەپ تونۇپ ئېلان قىلىدۇ ۋە «يېڭى ئەھد» دەپ ئاتايدۇ. بۈگۈن خىرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزكۇر 4 ئىنجىل ئايرىم 4 ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشكەن ئەسلىي ئىنجىل ئەمەستۇر. مەزكۇر ئىنجىللار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن يىرىم ئەسىر كېيىن يېزىلغان كىتابلاردۇر.

4 ئىنجىل

1ـ مەتتا ئىنجىلى: مەتتا ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ 41 ـ يىلى پەلەستىندە بىر ئىنجىل يېزىلىپ، ئۇنىڭ «مەتتا ئىنجىلى» دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق. ئەمما شۇ ئىنجىلنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ گرېكچە تەرجىمە نۇسخىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بۇ تەرجىمىنىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى تا ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

2 ـ ماركوس ئىنجىلى: ماركوس ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىدىن پېتروسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ماركوس ئىنجىلىنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى قىسقىچە سۆزلەنگەن ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرىمۇ سۆزلەنگەن.

3 ـ لۇقا ئىنجىلى: لۇقا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتى پاۋلۇسنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ كىتاب ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن يېرىم ئەسىر كېيىن يېزىلغان. بۇ كىتابتا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى كۆپرەك سۆزلىنىدۇ.
4 ـ يۇھەننا ئىنجىلى: يۇھەننانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسالامنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەمما خىرىستىئان ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇنداق ئەمەسلىكىنى، بەلكى پاۋلۇسنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. يۇھەننا ئىنجىلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن 80 يىل كېيىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان دەۋا كۆپرەك سۆزلىنىدۇ.
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىم:
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم ۋەھى يولى بىلەن 23 يىل جەريانىدا ئاز ـ ئازدىن تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەندۇر.
قۇرئان نېمە ئۈچۈن 23 يىلدا چۈشۈرۈلدى؟
ۋەھيى (ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ياكى بىۋاسىتە سۆز قىلىشى) دېگەن چاقماقتەك تېز پارلاپ، ئاندىن ھامان ئۆچىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ شارائىتلارنىڭ تەقەززاسىغا بىنائەن چۈشۈپ تۇرغاندۇر. قۇرئاننىڭ ۋەھىسى 23 يىل جەريانىدا كۆرۈلۈپ تۇرغان ۋە ھەرقايسى تەبەقە كىشىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان كەسكىن ھەقىقەتتۇر. ئەگەر قۇرئان كىتاب شەكلى بىلەن بىرلا قېتىمدا، بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگۈچىلەر: «بۇنى سەن بىر يەردىن تېپىۋالدىڭ ياكى بۇرۇن يېزىپ تەييارلاپ ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقاردىڭ» دېگەن مەنىدە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولاتتى.
پارچە ـ پارچە چۈشۈرۈلگەن ئايەت ۋە سۈرىلەر داۋام قىلىۋاتقان ھاياتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرغان يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلىرى ۋە مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلغان، ۋەقەلىكلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا جاۋابلاندۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلب قىلغان ئىدى. ئەگەر قۇرئان ـ بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارغا ئوخشاش ـ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلارنى بىر ئاندا چوڭ بىر مەسئۇلىيەتكە كىرگۈزۈش ئىشى ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كېلەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەمر ۋە مەنئىلىرى ئاز ـ ئازدىن تەدرىجى بۇيرۇلغانلىقتىن بۇلار مۇسۇلمانلارنى پىسخىكىي تەرەپتىنمۇ ياخشى تەييارلىغان.

ۋەھيي يولى بىلەن پارچە ـ پارچە، ئاز ـ ئازدىن كەلگەن ئايەت ۋە سۈرىلەرنى يادلاش ۋە مۇھاپىزە قىلىش ئىشى ئۇڭاي بولىدۇ.
قۇرئان كەرىمنىڭ ئاۋۋالقى رەتلىنىشى ۋە توپلىنىشى
قۇرئان كەرىم ھازىرقى شەكلى بويىچە رەتلىنىشتە بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلار ئېرىشەلمىگەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ئېدى. ئۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا رەتلىنىپ بولغان. ئۇ مۇنداق بولغان:
1- ۋەھيي يولى بىلەن چۈشكەن ئايەت ۋە سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىششىق يادلىۋالاتتى. ئۇ يادلىغانلىرىنى قەتئى ئۇنۇتمايتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ساڭا ئوقۇتىدىغان بۇ ئايەتلەرنى سەن ھەرگىز ئونتۇمايسەن.» نەتىجىدە ئاللاھ ۋەدە قىلغان بويىچە پەيغەمبىرىگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ھېچ ئونۇتتۇرمىغان.
2 ـ ھەر قېتىم ۋەھيي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يېنىدىكى كۇتتابۇلۋەھيى (ۋەھيي كاتىبلىرى)غا ھامان يازدۇراتتى. ۋەھيىلەرنى يېزىشقا تەيىنلەنگەن 40تىن ئارتۇق مەخسۇس ۋەھيي كاتىبلىرى بار ئىدى.
3 ـ كاتىبلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئايەت ۋە سۈرىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۆيىدە مەخسۇس ساقلىناتتى.
4- ۋەھيىلەر يېزىلىپ ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ساھابىيلار، خۇسۇسەن ئۆسمۈر باللار يادقا ئالدۇرىلاتتى. قۇرئاننى تولۇق يادلىغان قارىلارنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ بولغانكى، يەقەت بىرلا يەمامە سوقۇشىدا شېھىد بولغان قارىلارنىڭ سانى 70تىن كۆپ بولغانلىقى بىزگە شۇ ۋاقىتلاردا قۇرئاننى تولۇق يادقا ئالغان قارىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
5 ـ ھەر يىلى رامازان ئېيىدا پەرىشتە جىبرائىل ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇ چاغقىچە چۈشۈپ بولغان بارلىق سۈرىلەرنى ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرلەپ تىڭشايتتى.
قۇرئاننىڭ رەتلىنىشىدە قوللىنىلغان يوقىرىقى پرىنسىپلار قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىرى چۈشكەن ئايەتكە قەدەر شۇنداق داۋام قىلغان.
قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىم ھازىرقى تەرتىپى بويىچە رەتلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى كىتاب شەكلىدە توپلىنىپ بولمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈپ تۇرغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرى بىلەن «قۇرئاننى توپلاش كومىتېتى» قۇرۇلىدۇ. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى يازغان كۇتتابۇلۋەھيىلەرنىڭ ئۆزى ئىدى. كومىتېتنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. كومىتېت ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ۋە ھۇشيارلىق بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان ۋە ئىشەنچلىك ئورۇندا ساقلانغان قۇرئان ۋاراقلىرىنى توپلايدۇ. توپلانغان بۇ ئايەت ۋە سۈرىلەر قارىلارنىڭ يادلىغانلىرىغا سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن تەرتىپ بويىچە توپلىنىپ خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپەيتىلىشى

ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان زامانىدا ئىسلام دىنى تېخىمۇ كېڭىيىپ ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە ئوقتەك تېز تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەملىكەت ۋە شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىدىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى يادقا ئوقۇلغان ئايەت ۋە سۈرىلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان ئاز تولا خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئېھتىياج يۈزىسىدىن قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىشكە قارار بېرىلىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرۇلغان "قۇرئاننى نۇسخىلارغا كۆپەيتىش كومىتېتى" نىڭ رەئىسى يەنە زەيد ئىبنى سابىت ئىدى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئان سۈرىلىرىنى ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ يېزىش ئىشىدا ئالاھىدە يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەر ئىدى. كومىتېتنىڭ ئەمگىكى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ 6 نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ چىقىلىدۇ. خەلىپە ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر قۇرئان نۇسخىلىرى مەككە، مىسىر، شام، بەھرەين، يەمەن قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ ۋە بىر نۇسخىسى مەدىنىدە قالدۇرۇلىدۇ. چەتئەللەرگە ئەۋەتىلگەن نۇسخىلارنىڭ كۆپلىرى سوقۇش، سەل ۋە باشقا

پالاكەتلەر تۆپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. پەقەت شۇ نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر تاشكەنتتىكى «جۇمھۇرىيەت مۇزېيى» دا ساقلانماقتا. ئەمما ھەزرىتى ئوسماننىڭ يېنىدا قالدۇرۇلغان قۇرئان نۇسخىسىنىڭ ئۆزى ھازىر ئىستانبۇلدىكى «توپقاپى سارايى» مۇزېيىدا ئۆز پېتى بويىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى نۇسخا قۇرئان زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارقىلىۋاتقان قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز ئەينىسىدۇر.

## قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر

1. ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر

1) تۇپان ۋەقەسى

قۇرئاندا ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا نۇھ((Noah ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۈچۈن ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاللاھ ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ بۇيرىغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدا ئارخېئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە دەلىللىرىغا ئاساسلانغاندا بۇ ھادىسىنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

1960 - يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئىككى ئارخېئولوگ تەرىپىدىن مېكسىكا قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ جايدىكى جانلىق مېكروئورگانىزم ماددىلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. مىيامى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Cesare، Rodhe ئىسىملىك

ئىككى ئارخېئولوگ، ئىسلاندا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن James Kannet ۋەكامبىرىدج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Nicolas لاردىن تەشكىللەنگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر تۇزلۇقتا دىرامماتىك بىر چوڭ ئۆزگىرىش بايقالغان. بۇ بولسىمۇ، مۇندىن 11600 ـ 12000 يىل بۇرۇن مېكسىكا قولتۇقىنىڭ تاتلىق سۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئىدى. ساماۋىي كىتابلاردا بۇ ۋەقەلىك «تۇپان سۈيى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. (تۈركچە «دىنلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

بۇنداق ئىلمىي كەشپىياتلار قۇرئان ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

2) ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى، ئىرەم ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ بارلىقى قۇرئاندا سۆزلەنگەن بولسىمۇ، يېقىنغىچە بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكى ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار بىلەن بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

سەمۇد قەۋمى چوڭ ئاد قەۋمىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، بۇلار مەككىدىن سىناغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەمۇد قەۋمى قۇرئاننىڭ ئەئراف، ھۇد، ھىجر ۋە قەمەر سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى ھەققىدىكى قېزىشلارغا خېلى كېيىن باشلانغان. «پاتلامىيوس تارىخى» ناملىق قەدىمكى زامانلارغا ئائىت بۇ تارىخىي ئەسەر تېپىلغاندىن كېيىن، قېزىشلار بۇنىڭغا ئاساسەن باشلانغان ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ قەۋملەرنىڭ شەھەرلىرى تېپىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياز ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاسارە ئەتىقە ئالىمى دوكتۇر ئابدۇراھمان ئەنسارىي تەرىپىدىن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى «مەدائىنى سالىھ» دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا، سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرى بايقالغان. بۇ شەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇم دۆۋىسى ئاستىدا قالغان كاتتا سارايلار ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سەمۇدىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان.

(لوندوندا نەشر قىلىنىدىغان ئەرەبچە «الشرق الۆوسط» (ئوتتۇرا شەرق) گېزىتى 2001 ـ يىل 2 ـ ئاي 25 ـ سانىدىن ئېلىندى)

3) ئىرەم شەھىرىدە ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرى ياشىغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ھۇد قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ، كۇپرى ـ زالالەت ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىرەم شەھىرىدە ئۆتكەنلىكى ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ «سەرسەر» دەپ ئاتالغان كۈچلۈك بىر بوران بىلەن بىر كېچىدىلا ھالاك قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. 1982 ـ يىلى كالىفورنىيىلىك بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نامىنى بىر ئىنگلىز جاسۇسىدىن ئاڭلىغان قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇلار نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنچە ئۇلار مەخسۇس رادارلارنى ئىشقا سېلىپ ئەرەبىستان ۋە ئۇممان چۆللىرىگە تارقىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار، ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن «پاتلامىيۇس» دېگەن تارىخچى بايان قىلغان ئىرەم (تارىخچى ئىرېم دەپ ئاتىغان) شەھىرىنى 12 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىپ چىقىدۇ. 4800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەھەرنىڭ تېپىلغانلىقى «چۆللەرنىڭ ئاتلىسى» (Atlantis of the Sand) سەرلەۋھىسى ئاستىدا «Tims»ۋە Newswee گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنىدۇ. («سىزنىتى ژۇرنىلى» 98- يىللىق 5- سانىدىن ئېلىنىدى ـ تۈركچە)

يوقىرىقى شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ قەۋملىرى قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ بىلىنمەيتتى. بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. زامانىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سايىسىدا قۇرئاندا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان بۇ شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىرلىكتە قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلانماقتا. چۈنكى، دۇنيادا ھېچكىم بىلمىگەن بۇ شەھەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇلاردىن خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھتۇر!

4) پىرئەۋننىڭ جەسىدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا ”ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن“ دېدى.(ئۇنىڭغا ئېيتىلدىكى،)

"(ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن) بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) قۇتقۇزىمىز(يەنى جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز")» (يۇنۇس سۈرىسى 89 - 91 - ئايەتلەر).

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلار ئەرەبلەر «جەبەلەين» دېگەن جايدا بىر قەبرىدىن بىر جەسەت تېپىشقان، ئەنگىلىيىگە ئېلىپ كېلىشكەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار ئىچىدىكى ئەڭ توغرا ئۇسۇل بولغان كاربون 14 ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرگەندە بۇ جەسەتنىڭ 3000 يىل ئىلگىرىكى جەسەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەت مۇمىيا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇمىيا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە مۇزىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.

2. تېخنىكا دەلىللىرى

1) قۇرئان كەرىمنىڭ نەمل سۈرىسىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرىنىڭ سەبەئ شەھىرىنىڭ مەلىكىسى بىلقىسنىڭ تەختىنى بىر قانچە كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يۆتكەپ كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

1943 - يىلى ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈش جەريانىدا، چوڭ ھەجىملىك بىر ئۆرۈش پاراخوتىنىڭ جىم تۇرغان يېرىدىن بىر ئاندىلا كۆزدىن غايىپ بولۇپ، كىلومېتىرلەرچە ئۇزاقلىقتىكى «Norfolk»لىماندىدا كۆرۈنگەنلىكى ۋە پاراخوتتىكى 16 نەپەر دېڭىزچىدىن 10نەپىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە قالغان 6 سىنىڭ يارىدار بولغانلىقى كىشىلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىك 1955 - يىلغىچە دۆلەت سىرى بولۇپ ساقلانغان. كېيىن ئامېرىكىلىق «George» نىڭ «قورقۇنۇشلۇق ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى نەشىر قىلىنىشى بىلەن بۇ ۋەقەلىك دۇنياغا تونۇلغان.

2) قۇرئاننىڭ يۈسۈف سۈرىسى 94 - ئايەتتە: «كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى ياقۇب ئەلەيھىسسالام) "مەن چوقۇم يۈسۈپنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن. سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان

دېمەيدىغان بولساڭلار( يۈسۈپنى ئەلۋەتتە هايات دەيتتىم“ دېدى» دەپ قەيت قىلىنغان. ھدنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن بۇ ئايەت چۈشۈپ ئارىدىن 1420 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پروفېسسورPaul Keller نىڭ باشچىلىقىدا ئىجاد قىلىنغان «ئېلېكترونلۇق بۇرۇن» ئارقىلىق ھدنى يۆتكەش ئىشى ئەمەلگە ئاشقان. («سىزىنتى ژۇرنىلى»97 - يىل 8- ساندىن قىسقارتىپ ئېلىندى - تۈركچە)

3) يۈتۈن جانلىقلارنىڭ جۈپ( ئەركەك - چىشى) ئىكەنلىكى، ئاسمانغا چىقىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقى، زامان تەرەققى قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئەينەكتىن ياسالغان پانۇس ئىچىدە، ئۇنىڭغا ماي قۇيماستىن چىراق ياندۇرىدىغانلىقى( ھازىرقى توك)، تاغلارنىڭ زېمىننى تەۋرەشتىن ساقلاش ۋە ھاۋانى تازىلاش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى، ئىنساننىڭ ئانا قورسىقىدا بېشىدىن كەچۈرىدىغان جەريانلىرى، ھاراقنىڭ تەن ساغلاملىققا زىيانلىق ئىكەنلىكى، پەرھىز(رېژىم)نىڭ كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنى ئىكەنلىكى، دۇنيانىڭ (يەرشارىنىڭ) توپ شەكىللىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىدا كېزىدىغانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا يەرشارى ۋە قۇياشنىڭ ئۆز ئوقلىرىدا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر كەشىپ قىلىنىشىدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن دىنىي ئالىملار قۇرئاندىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى يورۇتۇپ كەلگەن ئىدى. مىلادىيەنىڭ 1500 - يىللىرى ئىتالىيىلىك ئالىم گالىلى گالىلىيو يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغىنىدا، خىرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ تەلىماتىغا قارشى چىقتى، دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، مىلادىيەنىڭ 1000 - يىللىرىدا شەرقلىق مۇسۇلمان ئالىملار يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ۋە زامانىمىزدا كەشىپ قىلىنغان كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قۇرئانغا يۆلىنىپ ئوچۇق-ئاشكارە تىرىشقان ئىدى.

3. تىبىبىي دەلىللەر

1) ھەسەلنىڭ، ئەنجۈرنىڭ ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ تەن ساغلاملىققا پايدىلىق ئىكەنلىكى قۇرئاندا ۋە ھەدىسلاردا سۆزلەنگەن بولۇپ، زامانىمىزدا تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانماقتا.

سۆزىمىزنى ئىخچاملاش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىنى بايان قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن. پەقەت ھەسەلنىلا ئالايلى، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ھەسەل

ھەرسىنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپالىق بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك( ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار»دەيدۇ. (نەھل سۈرىسى 69 ـ ئايەت)
تارىختىن بىرى ئىنسانلار ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىنى  ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، كۈنىمىزدىكى زامانىۋىيلاشقان مېدىتسىنا ئىلمى سايىسىدا ئۇنى قەتئىي شەك قوبۇل قىلمايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغان. ھەسەلنىڭ شىپالىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. قىسقىسى، دوختۇرلار ئۇنى كۆپلىگەن ھەرخىل كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىنى تەۋسىيە قىلماقتا. ھەسەلدە مېكروبلارغا قارشى ماددىمۇ بولغاچقا ئۇنى كۆيۈكلەرگە، جاراھەتلەرگە سۇۋاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلىمەكتە. مۇندىن باشقا بۇۋاقلارنىڭ ئەت ئېلىشى ۋە ساقلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا ھەسەل يېگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلماقتا. تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بىر جۈپ ئىككىزەكنىڭ بىرىگە كۈندە مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە نەتىجىسىدە،  ئىككى ئايلىق مۇددەت ئىچىدە كۈنلۈكى مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلغان بۇۋاقنىڭ ئېغىرلىقى، ھەسەل ئىستېمال قىلمىغان بۇۋاقنىڭ ئېغىرلىقىدىن 2 كىلو گراما ئارتۇق كەلگەن ۋە ساقلىق ھالىتىمۇ ئاۋۋالقىسىدىن پەرقلىق بولۇپ چىققان.

2) بۇۋاققا ئانا سۈتىنى  ئەڭ ئاز  ئىككى يىل ئېمىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى دەسلەپ قىلىپ قۇرئان سۆزلىگەن. تېخى 5 ـ 10 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى ياساپ چىققان سۈنئىي سۈتنى ماختاپ، «ئەمدى ئانا سۈتىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ دەۋا قىلغان ياۋروپالىقلار، ئەمدىلىكتە بۇۋاقلارغا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە 1ـ 2 يىل بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

3) تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە بولسا، ياۋروپادا تېخى 1800 ـ يىللىرىغا كەلگىچە تۇۋالېت(تەرەتخانا)، مۇنچا يوق ئىكەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. 1500 ـ يىلى شەرقنى كەزگەن بەزى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۆينىڭ مەخسۇس تۇۋالېتى، مەخسۇس مۇنچىسى بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شەرق توغرۇلۇق ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن. 1600 ـ يىللىرى ئەنگلىيىدە(Sir Harngton)

نىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان تۇۋالىتى (تەرەتخانىسى) غا ئۆزىدىن باشقىسى كىرمەيدىكەن. ھازىرمۇ ياۋروپانىڭ خېلى چوڭ، ھەشەمەتلىك سارايلىرىدىمۇ مۇنچا يوق ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئەمما مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەربىيىسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مۇنچىغا كىرىشنىڭ، ساقال ـ بۇرۇتلارنى ۋە قول ـ پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن 5 قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى 5 قېتىم يۇيۇشنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشنىڭ، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە، جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

تازىلىق ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ، تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر. بىز مۇسۇلمانلار مۇندىن باشقىمۇ، ئۆتمۈشلەردە مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان بىر ئۇممەتمىز. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىمۇ، بىزنىڭ ئالاھىدە ھەسسىمىز باردۇر.

مەن يوقىرىقى مىساللارنى كەلتۈرۈش بىلەن، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتمۈش زامانلاردا قالغان، ھازىردا ئۆزىمىزگە پايدىسى بولمىغان ئىلغارلىقلىرىمىز، سەلتەنەتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ كۆڭلىنى خوش قىلىشنى مەقسەت قىلغىنىم يوق، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى ئونۇتقان ھالدا، زامانىمىزدىكى ياۋرۇپالىقلارنىڭ رەزىل ئەخلاقىنى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغان بەزى مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆلگە قىلىۋېلىپ، پۈتۈن ئىشلاردا ئۇلارنى دوراشنىڭ، خۇددى ھەممە ئارتۇقچىلىقلار ۋە مەدەنىيەت ئۇلاردا، ئۇلاردىن باشقا بىزگە ئۆلگە بولىدىغان يوقتەك چۈشىنىپ ئۆزىمىزنى خورلىشىمىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەكچىمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى، ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئەستايىدىللىق روھىنى ئۆگىنىشىمىز ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر. دىنىمىزمۇ بۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. چۈنكى پەن ـ تېخنىكا بىرەر مىللەتكە

خاس مىراس بولماستىن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق ھەققى بولغىنىدەك، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىلىقلا بولغان جىمى پەن - تېخنىكىلارنى ئېگەللىشى ئۇنىڭدىن باش تارتىشقا بولمايدىغان دىنىي بۇرچتۇر.

4) ھاراقنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان سۆزلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ ئىززى ۋە كۆپى بەرىبىر ئوخشاشلا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەنگلىيىنىڭ «لانگېرت تىببىي ژۇرنىلى»دا، ھاراقنىڭ ئاز مىقدارىمۇ ۋۇجۇتتا يېقىلىش تەسىرىنى بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بىر ماقالا ئېلان قىلىنغان. ھەقىقەتەن ھاراقنىڭ ھۈجەيرىلەردە، خۇسۇسەن مېڭە ھۈجەيرىلىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنغان ھاراقنىڭمۇ، تەسىرى ھامان بىلىنمىگەن بىلەن ئاستا - ئاستا ئادەم جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىمۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ھاراقنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قانداقلا بىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقسىزلىق بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ھاراقنىڭ بارلىقى بايقالماقتا.

5) ئېمبىرىئولوگىيە(ئانا قورسىقىدىكى بالىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان فرانسىيە تىببىي ئىنىستىتوتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور (Maurese) زامانىۋىي تىببىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئانا قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ، قۇرئان كەرىمدە ئەسىرلەر بۇرۇن بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ياۋرۇپانىڭ ئەڭ كۆپ تىراژلىق گېزىت، ژۇرناللىرىدا he Quran and Modern scins (قۇرئان ۋە زامانىۋىيلاشقان مېدىتسىنا) سەرلەۋھىسى ئاستىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان.

6) فرانسۇز سۇ تەتقىقاتى ئالىمى Jac Cousteau ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان«جەبەلىتارىق» بوغۇزىدا(كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان)بىر سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىككى پەرقلىق ئىسسىقلىققا ۋە

تۈزلۈق ئورانىغا ئىگە بولغان بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئېقىۋاتقانلىقىنى كەشىپ قىلغان. ئادەن قولتۇقىنى قىزىل دېڭىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەندەب بوغۇزىدىمۇ سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى كەشىپ قىلىنغان. بۇ قېتىمقىسىنى گېرمانىيىلىكلەر كەشىپ قىلغان. دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىدە سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسىلەن: بېنگال، بېرما ۋە ھىندىستاندىمۇ بۇ تۈردىكى سۇ توسمىلىرى بولغان دېڭىز، دەريالارنىڭ بارلىقى كېيىنكى يىللاردا كەشىپ قىلىنغان.

يوقىرىقى كەشىپلەرنى Cousteau دوستى پروفېسسور M.Bukail غا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ كەشىپلەرنىڭ يېڭى كەشپىياتلار ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا قۇرئاندىن بۇلارنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: "ئۇ، ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزىدۇ. ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ." ( رەھمان سۈرىسى 19 - 20 ـ ئايەتلەر)

شۇنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قۇرئان بىرەر پەن ـ تېخنىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلات كىتابىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا پەن ـ تېخنىكىدىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دېمەك، قۇرئان ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

4 ـ ئىجتىمائىي دەلىللەر

1) بالىلار ھوقۇقى

مىلادىيەنىڭ 571 ـ يىلىغا كەلگىچىلىك تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىز بولۇشى جىددىي بىر ئىيىب ئىدى. يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئەللەردە شۇنداق ئىدى. پەقەت يېڭى دىن(ئىسلام دىنى)نىڭ كېلىشى بۇ ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

قۇرئانىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن:

ــ بالىلار ھۆردۇر، قىز ـ ئوغۇللار ھۆرمەتتە ئوخشاش تۇغۇلىدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ــ بالىلار مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال ـ مۈلۈكلەر ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ

ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قولىنىلمايدۇ.
ـ بالىلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك.
ـ بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيلەش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى.
بالىلارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ.
ـ بالىلارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك بالىلارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىشقا بولمايدۇ.
ـ بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ.
ـ بالىلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ.
ـ بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ.
دۇنيادا بالىلار ھوقۇقى بايانامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.
مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ بالىلار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.
2) ئاياللار ھوقۇقى
مۇندىن 1422 يىل بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى.
نەدە؟
قۇرئان كەرىمدە!

تېخى مىلادىيەنىڭ 1700 - يىللىرى فرانسىيىدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش - تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.6- ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەبلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى قالدۇرغان مال - مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنۇ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

ـ ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار.

- ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يېتەرلىك بولسا ئايالىغا خىزمەتچى تۇتۇپ بەرگىنى ياخشى.

- ئاياللار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى بار.

ـ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان ھالەتتە يېتەرلىك ئۆزلۈر بىلەن ئاجرىشىش ھوقۇقى بار.

ـ ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللار تۇغۇشنى خالىسا، ئۇلارنى تۇغۇشتىن مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللارنى پۇل تېپىشقا زورلاشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللار ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا زورلانمايدۇ.

يوقىرىقى هوقۇقلار مىلادىيە 6 ـ ئەسىرىدە ئىپلان قىلىنغان بولسىمۇ، ياۋرۇپادا ۋە ئىسلام دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە، تېخى 18 ـ ئەسىرگە قەدەر بىردەك ئىبتىراپ قىلىنماي كەلگەنىدى.
ئاياللار قايسى تەبىقىدىن بولسا، ئۇلارغا شۇ سەۋىيىدە ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىش مەسىلىسى هازىرقى تەرەققىيات ئەسىرىدىمۇ بىلىنمەي كەلگەن بىر ھەقىقەتتۇر.
پەقەت، 1940 ـ يىللاردىن باشلاپ، دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئوكسفورد ۋە كامبرىدج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ% 25 بىلەن % 40ئارىسىدىكىنى قىزلاردىن ئېلىش قارارىنى چىقارغان بولسا، ئىسلام دىنى 6 ـ ئەسىردىلا قىز ـ ئوغۇللارنىڭ تەلىم ئېلىشتا ئوخشاش هوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر» دەپ بەلگىلىگەن.
مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ھەرقايسى ئەسىرلەرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇن كېلىدىغان، ئادالەتلىك ۋە ئىنسانى قانۇنلارنى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك، ئاللاھنىڭ ئىلاھىي مەكتىپىدىن باشقا مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممى ( ساۋاتسىز)پەيغەمبەرنىڭ لايىھىلەپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس! بەلكى شۇۋاقىتتىكى ئالاھىدە تەلىم كۆرگەن ۋە بۇ ساھەدە پەۋقۇلئاددە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئىنسانلارنىڭمۇ بۇ قانۇنلارنىڭ ئوخشىشىنى لايىھىلەپ چىقالىشى مۇمكىن تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا بۇ قانۇنلار نەدىن كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن كەلدى!
شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنى زامانىمىزغا قىياس قىلىپ چۈشىنىدىغان بولساق، تارىخ پەلسەپىسىگە كۆرە چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىمىز. شۇڭا ھەر قانداق ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ چۈشىنىش ئىلىم ئەھلىنىڭ مېتودىدۇر. خۇسۇسەن، تارىخنى يەكۈنلەشتە چوڭ ئاساستۇر. زامانىمىزدا ئاددى سانالغان ئىشلار، ئۆتمۈشتىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىلىملەر ئىدى. چۈنكى، زامانىمىزدىكى تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر، ئانتېنا، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار

تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كۆرە مۇمكىن ئەمەس ئىشلاردىن ئىدى. بۇئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى.
زامانىمىزدىكى 6- 7 ياشلىق باللار مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرنى بىلىدۇ. ئەمما پاستېر بىلەن فارابىيلار ياشىغان زامانلاردا، مىكروب بىلەن باكتېرىيەنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئىشىمۇ ئالاھىدە چوڭ بىلىم سانىلاتتى.
3) كىشىلىك ھوقۇق
بۇ ماۋزۇدا، تاھازىرغىچە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكىرلىرىنى مەشغۇل قىلىپ تۇرىۋاتقان ئىشلارنىڭ بېشىدا ئىرقچىلىق كېلىدۇ. ئامېرىكىدەك كىشىلىك ھوقۇققا ئەڭ چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان، دېموكراتىك بىر دۆلەتتىمۇ، ئىرق ئايرىش مەسىلىسى ھەل بولماي كەلمەكتە. ئاق تەنلىكلەرنىڭ باللىرى بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ باللىرىنىڭ بىر سىنىپتا تەلىم ئېلىشى، بىر رېستوراندا تاماق يېيىشىگە جىددىي قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىنسانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلايمىز.
ئاپرىقىدا كۈندە مىڭلارچە باللار ئاچلىق ۋە ئاغرىق سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلۈپ تۇرسا، باي مەملىكەتلەردىكى ئىنسانلار ئىتلىرىنى ئالاھىدە ساتىراچخانىلاردا تارىتىپ، ئالاھىدە قىممەتلىك شامپۇلار بىلەن يۇيۇدۇ. فرانسىيىدە ئىتلار ئۈچۈن بىر يىل ئىچىدە سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ سانىنىڭ سومال دۆلىتىنىڭ 10 يىللىق كىرىمىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە، ھازىرقى دۇنيادا ئىنسان قىممىتىنىڭ نەقەدەر ئەرزان ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولىمىز. بۇنىڭدىن ماتېرىيالىزم دۇنياسىنىڭ نەقەدەر شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش بىز ئۈچۈن ئانچە قىيىن ئەمەس.
زامانىمىزدا تېلېۋىزىيە قانالللىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولىۋاتقان ئەڭ ئاددىي ۋەقەلىكلەرنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا، پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن ئاڭلىتىپ، كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇيۇ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى خوشنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمىز. بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردىكى ئېتىراژلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خوشنىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەن ۋە ئىسىملىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ، تەرەققى قىلغان، مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ھالى. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان ئىنساندىن شۇنچىلىك يىراق ياشىماقتا.
ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بەلگىلىمىسىدە مۇنداق بېكىتىلگەن:

ـ خوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تويغۇزماستىن، ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.
ـ خوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.
ـ ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا ۋە ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئوخشاشتۇر. ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. پەقەت قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن، تەقۋا(ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ھەزەر قىلىدىغان) لىرى ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك بولىدۇ.
ـ قول ئاستىڭلاردا ئىشلىگەنلەر قانداق تەبىقىدىن بولمىسۇن، سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئۇلارغىمۇ يېگىنىڭلاردىن يېگۈزۈڭلار، كىيگىنىڭلاردىن كىيگۈزۈڭلار ۋە ئىچكىنىڭلاردىن ئىچكۈزۈڭلار. ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار.
ـ ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرلىرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭلار.
ـ مۇسۇلمان ـ كىشىلەرگە قولى ياكى ئېغىزى بىلەن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشى دېمەكتۇر.
ـ سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياقتۇرغان نەرسىسىدىن، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرى ئۈچۈن كەچمىگىچە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.
بۇ ماۋزۇدا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ۋىدا خۇتبىسى»نى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىكتۇر.
يوقىرىقىلار قۇرۇق نەزەرىيەلەر ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى ھايات قائىدىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، سىناقلاردىن ئۆتكەن قانۇنلاردۇر. خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى 20 ـ ئەسىردە ماقۇللانغان بولسىمۇ، تاھازىرغىچە رەسمىي تۈردە ئەمەلىيلىشەلمەي كەلمەكتە.

تۆۋەندە، «خەلقئارالىق ئىسلام كېڭىشى» تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىر كۈنى فارىژدا ئېلان قىلىنغان «ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ھوقۇق» باياننامىسىنى ئۆز تېكستى بويىچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمەن.

# ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ھوقۇق

1 ـ ماددا، ياشاش ھوقۇقى

A) ئىنسان ھاياتى مۇقەددەستۇر. خەۋپ ـ خەتەرسىز ياشاش ئۇنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش ھوقۇقى يوق. بۇ ھوقۇق پەقەت ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە ھەقلىق بولغان شارائىتتىلا، قانۇنلۇق ھالدا ئۇنىڭدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

«كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 32 ـ ئايەت)

B ) ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پۈتۈنلىكى قوغدىلىدۇ. ئىسلام شەرىئەت قانۇنى ئۇنى ھاياتىدا ۋە ماماتىدا بىردەك قوغدايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ جەسىدى ھۆرمەتكە ھەقلىقتۇر. «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىراۋنى كېپەنلىگەندە ئۇنى ياخشى كېپەنلىسۇن.» (مىسلىم رىۋايىتى)

2ـ ماددا، ئەركىنلىك ھوقۇقى

A ) ئىنسان ھۆررىيىتى ـ خۇددى ئۇنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش مۇقەددەستۇر. بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلىشىدىن بىرى ئۆزىگە ئائىت بولغان ھوقۇق بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ھوقۇق ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. «دۇنياغا كۆز ئاچقانداق ھەر قانداق ئادەم ئىسلام دىنى بىلەن يارىتىلىدۇ.» (بۇخارى ۋەمۇسلىم رىۋايىتى) ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ھۆررىيىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ھەققى يوقتۇر. ”ئىنسانلارنى قاچاندىن بىرى ئۆزۈڭلارغا چوقۇندۇرىۋالدىڭلار، ھالبۇكى، ئۇلارنى ئانىلىرى ھۆر تۇغقان ئەمەسمىدى؟ (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب) كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشقا ئىسلام شەرىئىتى تولۇق كۆپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆررىيىتىگە چەكلىمە قويۇلمايدۇ، پەقەت شۇنى ئاساس قىلغان ھاللاردا ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرىلىدۇ.

B ) بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنىڭ ھۆررىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تاجاۋۇز قىلىنغان مىللەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى چىقىشى ۋە

بارچە ئىمكانىيىتىنى قوللىنىپ كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھۆررىيىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىدۇر.

»زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.« (شۇرا سۈرىسى 41 - ئايەت) خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز ھۆررىيىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتقان ھەر قانداق مىللەتكە ياردەم قىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يولدا ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. «ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.» (ھەج سۈرىسى 41 - ئايەت)

3 - ماددا، باراۋەرلىك ھوقۇقى

A) ئىسلام قانۇنى ئالدىدا ئىنسانلار باراۋەردۇر. «ئەرەبنىڭ ئەجەمگە، ئەجەمنىڭ ئەرەبكە، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىككە ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. پەقەت ئۇلار قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن تەقۋالىقى بىلەن بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولالايدۇ.» (ھەدىس) ئىسلام قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىنمايدۇ. «ناۋادا قىزىم فاتىمە ئوغۇرلۇق قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم) «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىز كىشىڭلار ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر مېنىڭ يېنىمدا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ كۈچلۈك كىشىڭلار ئۇنىڭدىن ھەققىنى ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىلگەنگە قەدەر مېنىڭ يېنىمدا ئەڭ ئاجىزدۇر.« (ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى)

B) ئىنسانلار ھەممىسى ئىنسانلىق ھۆرمەتتە ئوخشاشتۇر. «ھەممىڭلار ھەزرىتى ئادەمدىن كۆپىيىپ نەسىللەنگەن، ئادەم بولسا، توپىراقتىن يارىتىلغاندۇر.» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدىن) ئىنسانلار پەقەت ياخشى ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە كۆرە بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولالايدۇ. «ئۇلار ئەمەللىرىگە كۆرە مەرتىۋىلەرنى قازىنىدۇ.» ( ئەھقاف سۈرىسى 19 - ئايەت) كىشىلەرنى ئىرقى، دىنى، رەڭگى ۋە تىلى ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىك ئارىسىنى ئايرىشقا تۈرتكە بولىدىغان ھەر قانداق پىكىر، ھەر قانداق قانۇن ۋە ھەر قانداق ئېقىم ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قانۇن

پرىنسىپىغا قارشى ئىلىپ بېرىلغان بىۋاستە ھۇجۇمدۇر. «مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى بىر قاندۇر» (ئىمام ئەھمەد)

C) ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن جەمئىيەتتىكى ماددىي مەنپەئەتلەردىن باشقىلارغا ئوخشاش پايدىلىنىش ھوقۇقى باردۇر. «زېمىننىڭ ئەتراپىدا ھالال ئىشلەپ مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار.» (مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

كىشىلەرنىڭ ئىش ھەققىلىرىنى تاپشۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ.» (زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

4ـ ماددا،ئادالەت ھوقۇقى:

A) ھەر بىر شەخس دەۋا ئىشلىرىدا شەرىئەت مەھكىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندەك، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرز قىلىش ھوقۇقى باردۇر. «ئى مۆمىنلەر بىرەر ئىشتا تارتىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار.» (نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەت)

B) ھەر بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى باردۇر. «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى147 ـ ئايەت) ھەر كىشىنىڭ باشقىلارنى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ۋە جەۋر ـ زۇلۇملاردىن قوغداش بۇرچىدۇر. «ھەر كىم ئۆزىنىڭ بۇرادىرىگە ياردەم قىلسۇن، ئەگەر ئۇ ھەقسىزلىق قىلغان بولسا ئۇنى بۇ ھەقسىزلىكىدىن قايتۇرسۇن، ئەگەر ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان بولسا ئۇنى مۇداپىئە قىلسۇن.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

C) ھەر بىر كىشىنىڭ ئومۇمنىڭ ۋە ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە قولىدىن كەلگەنچە ھىمايە قىلىش بۇرچىدۇر. «ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىنى سىلەرگە ئېيتىپ بىرەيمۇ؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا، سورالماستىن ئۆزى كېلىپ توغرا گۇۋاھچىلىق بەرگەن ئادەمدۇر.» (مۇسلىم)

D) قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، قايسى بىر سەۋەب بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ھەقسىزلىكلەردىن مۇداپىئە قىلىش ھوقۇقىغا چەكلىمە قويۇشقا

بولمايدۇ. «ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزى ھەر قاچان ئۈستۈندۇر.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم) «دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا توغرا ھۆكۈم قىلىشتا مۇۋەپپەق بولالايسەن.» (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى)

E) ھېچكىمنىڭ بىرەر مۇسۇلمان كىشىنى ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كېلىدىغان ئىشلارغا زورلاش ھوقۇقى يوقتۇر. زورلانغۇچىنىڭمۇ ئۇنىڭغا بوي ئەگمەسلىكى لازىم. «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا كىشىلەرگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.» (بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى) شەرىئەتكە زىت كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا باش ئەگمىگەن كىشىنىڭ مەۋقىئەسىنى قوغداش مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بىردەك بۇرچىدۇر. «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بوزەك قىلمايدۇ.» (بۇخارى)

5 ـ مالدا، شەخسلەرنىڭ ئادالەت مەھكىمىسى ئالدىدىكى ھوقۇقى

A) كىشىلەر قانۇن ئالدىدا ئەزەلدىن گۇناھسىزدۇر. بىراۋنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى ئادالەت مەھكىمىسىدە ئىسپاتلانمىغان ئىكەن، باشقىلارنىڭ قارىلىشى بىلەن گۇناھكار ھېسابلانمايدۇ. «قىلمىش سادىر قىلغانلاردىن باشقا پۈتۈن ئۇممەت گۇناھسىزدۇر.» (بۇخارى، مۇسلىم)

B) جىنايەتلەر پەقەت شەرىئەت دەلىلى بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ. «بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەستىن، ھېچ قەۋمنى جازالىغىنىمىز يوق.» (ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەت) مۇسۇلمان كىشى ئىسلامدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ. «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ.» (ئەھزاپ سۈرىسى 5 ـ ئايەت)

C) ئادالەت مەھكىمىسى ئالدىدا، شەك قوبۇل قىلمايدىغان، يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئۆزىنىڭ جىنايىتى ئىسپاتلانمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆز ئېتىراپى بولمىغان ھېچقانداق كىشى جىنايەت بىلەن سوتلانمايدۇ. «ئى مۆمىنلەر، ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاڭ كۆرۈڭلار.» (ھۇجۇرات سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

D) قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، جىنايەتچىلەر ئۈچۈن شەرئىەتتە بەلگىلەنگەن جازا مىقدارىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.» (بەقەرە سۈرىسى 229 - ئايەت) جىنايەت ئىشلىگۈچىنى كەچۈرۈم قىلىش ياكى جازاسىنى مۇكىن قەدەر تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، جىنايەت ئىشلەنگەن شارائىت ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان ئامىللارغا رىئايە قىلىش شەرئىەت قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «مۇسۇلمانلاردىن جىنايەت ئىشلىگۈچىلەرنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازادىن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ساقلاڭ قېلىپلار.» (بەيھەقى ۋە هاكىم رىۋايەت قىلغان)

E ) كىشى باشقىسىنىڭ قىلمىشى بىلەن جازاغا تارتىلمايدۇ. »بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.» )ئىسرا سۈرىسى 15 - ئايەت) ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئىشلىرىدا مۇستەقىلدۇر. «ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.» (تۇر سۈرىسى 21 - ئايەت) قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ. «يۇسۇف: خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز دېدى.» (يۈسۈف سۈرىسى 79 - ئايەت)

6 - ماددا، ھاكىمىيەتنىڭ ھەقسىزلىك قىلىشىدىن قوغدىنىش ھوقۇقى

جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئۆزىگە يەتكەن ھەقسىزلىكلەردىن قانۇنلۇق ھالدا قوغدىنىش ھوقۇقى باردۇر. ھاكىمىيەت دائىرىلىرىنىڭ كىشىلەرگە قانۇنسىز ھالدا زىيانكەشلىك قىلىشى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار شۇ بۆھتاننى ۋە چوڭ گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.» (ئەھزاب سۈرىسى 58 - ئايەت)

7 - ماددا، قىيىن - قىستاقلاردىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ھوقۇقى

(A قاربىلانغۇچىلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا جىنايىتى ئىسپاتلانغانلارنىمۇ ئازابلاشقا يول قويۇلمايدۇ. «بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلارنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئازابلايدۇ.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم) شۇنىڭدەك، كىشىلەرنى ئىشلىمىگەن قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن

قىيناشقا بولمايدۇ. قىيناش ۋە زورلاش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاتادۇر. «ئاللاھ تائالا ئۇممىتىمدىن ئۇنتۇپ قالغان، خاتالاشقان ۋە زورلانغان سەۋەبلىك قىلغان گۇناھلارنى ئەپۇ قىلدى.» (ئىبنى ماجە)

B) بىراۋنىڭ جىنايى قىلمىشى قانچىلىك چوڭ بولمىسۇن، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن جازا تۈرى قانچىلىك ئېغىر بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزۈلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتى ھىمايە قىلىنىدۇ.

8- ماددا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئابرويىنى ۋە نومۇسىنى قوغداش ھوقۇقى

كىشىلەرنىڭ نومۇسى ۋە ئابرويى مۇقەددەستۇر. ئۇنى ئاياق ئاستى قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. «سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشۈڭلار، مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىشىڭلار ۋە ئابرويىنى چۈشۈرۈشۈڭلار، خۇددى مۇشۇ ئۇلۇغ كۈندە، مۇشۇ ئۇلۇغ شەھەردە ۋە مۇشۇ ئۇلۇغ ئايدا قان تۆكۈشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر بولغىنىدەك، ئېغىر جىنايەتتۇر.» كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئېچىش، ئەيىبلىرىنى ئىزدەش ۋە كىشىلىك ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئورۇنۇش قەتئىي ھارامدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ ۋاقىت يول قويۇلمايدۇ. «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر. بىر - بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، غەيۋىتىنى قىلماڭلار» (ھۇجىرات سۈرىسى 12 - ئايەت)

9- ماددا، خالىغان رايۇندا پاناھلىنىش ھوقۇقى

ئۆز يۇرتىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان ياكى خورلانغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى ئىچىدىن كۆڭلى ئارام تاپىدىغان پاناھلىنىش ھوقۇقى باردۇر. ئۇنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، مىللىتى، رەڭگى، ئەقىدىسى ۋە ئىرقى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇنى بارچە ئامانلىق ۋە مەئىشەتتىنىڭ كېرەكلىكلىرى بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىش بۇرچىدۇر. «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلەپ كەلسە، تاكى ئۇ قۇرئاننى ئاڭلىغۇچە ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن ئۇ ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنى جېنى بىلەن مېلى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن.» (تەۋبە سۈرىسى 6 - ئايەت)

B) ئاللاھنىڭ بەيتى بولغان مەككە مۇكەررەمە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھگاھىدۇر. بىرەر مۇسۇلماننىمۇ ئۇنىڭدىن چىقىرىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. «بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئامانلىقتا بولىدۇ.» (ئال ئىمران

سۈرىسى 97 ـ ئايەت) ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق.» (بەقەرە سۈرىسى 125 ـ ئايەت)

10 ـ ماددا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقى

A) دىنىي جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاش يوق.» (بەقەرە سۈرىسى256 ـ ئايەت) دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

B) قانۇنىي جەھەتتە، ئاز سانلىقلار ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا ئىسلام مەھكىمىسىنى ئىختىيار قىلىپ كەلسە، ئۇلارغا شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرىلىدۇ. «ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا دەۋالىشىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويۇش، ياكى ئۇنى رەت قىلىشتا ئىختىيارىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى ياقتۇرىدۇ.» (مائىدە سۈرىسى 42 ـ ئايەت) ئەگەر ئۇلار ئىسلام مەھكىمىسىگە بېرىشنى خالىمىسا، ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىنىنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. «يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا، ئاللاھى مۇھەممەد قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ ئىشەنمىگۈچىلەردۇر.» (مائىدە سۈرىسى 43 ـ ئايەت)

11 ـ ماددا، ئومۇمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى

A) ھەر بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتە بولاۋاتقان ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە يارىشا جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇش ھوقۇقى باردۇر. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىقتىدارى ۋە سالاھىيىتىگە كۆرە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ھەرخىل مەنسەپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بار. خىزمەتكە سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ سالاھىيىتى ھەر قانداق بىر مىللەت ئايرىش ياكى قەبىلىۋازلىقتا ئوخشاش ئىللەتلەر سەۋەبلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ ياكى تۆۋەنلىتىلمەيدۇ. «مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى بىر پۈتۈن ئايرىلماس ھاياتتۇر. ئۇلار باشقىلارغا قارشى بىر قولدۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاددى بىر شەخسمۇ ئۇلارنىڭ تولۇق كاپالىتىدىدۇر.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

B) خەلق بىلەن ھۆكۈمدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ئەركىن سايلامدۇر. خەلقنىڭ ئۆز ئىش ئىگىلىرىنى ئەركىن سايلام ئارقىلىق تاللاش ھوقۇقى باردۇر. «مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدۇ.» (شۇرا سۈرىسى 37 ـ ئايەت) خەلقنىڭ ئىش بېشىدىكىلىرىنىڭ ئىش بېجىرىشلىرىنى كۆزىتىش، ئەگەر شەرىئەت قانۇنىدىن چەتنىگەن ھاللاردا ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى باردۇر. «مەن سىلەرنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىڭلار بولۇپ تەيىنلەنگىنىم بىلەن مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىڭلارمۇ ئەمەسمەن. بۇ ۋەزىپىنى توغرا ئورۇنلىغانلىقىمنى كۆرسەڭلار ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر خاتالاشقان بولسام مېنى ئېلىپ تاشلاڭلار. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ توغرا يولىدا يۈرگەن بولسام ماڭا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر ئاسىيلىق قىلغانلىقىم كۆرۈلسە ماڭا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.» (بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدىكى نۇتقىدىن)

12 ـ ماددا، پىكىر بايان قىلىش ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى

A) ھەركىمنىڭ ئۆز پىكرى ۋە ئېتىقادىنى ئەركىن بايان قىلىش ھوقۇقى باردۇر. پىكىر بايان قىلغۇچى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇن پرىنسىپىدىن چەتنىمىگەن ئىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا چەكلىمە قويۇش ياكى قارشى چىقىش ھەققى يوقتۇر. ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ زىتتىغا ياكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ زىيىنىغا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. «ئەگەر مۇناپىقلار، دىللىرىدا كېسەللىك بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، ئى مۇھەممەد ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ. ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇ. ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.» (ئەھزاپ سۈرىسى 60 - 61 - ئايەتلەر)

B) ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش كىشىلىك ھوقۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىمىزنىڭ تەلىپىدۇر. شەرىئەت ئىستىلاھىدا پەرزدۇر. «ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، بىرىگە تۇرۇڭلار، ئاندىن پىكىر

يۈرگۈزۈشكەنلەر ھەمراھىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب كېلىشىدىن بۇرۇن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.» (سەبە سۈرىسى 47 ـ ئايەت)

C) ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى چىقىشى، ھەر قانداق زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ ھەققانىي جىھادتۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟ دەپ سورالغىنىدا: ”زالىم ھاكىم ئالدىدا ھەق سۆزنى جاكارلاشتۇر“ دەپ جاۋاب بەرگەن» (تىرمىزى)

D) ھەر كىشىنىڭ توغرا مەلۇمات ۋە ھەقىقەتلەرنى نەشىر قىلىش ھوقۇقى باردۇر. پەقەت جەمئىيەت ئامانلىقىغا ياكى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيانلىق بولغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. «مۆمىنلەرگە ئائىت ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچىنىڭ بىرەر خەۋىرى مۇناپىقلارغا يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، شۇ خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى» (نىسا سۈرىسى 49 ـ ئايەت)

E) غەيرى دىندىكىلەرنىڭ پىكىر ـ ئېتىقادىغا ۋە ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى ياكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەيىبلاش ياكى جەمئىيەتتىن ئۇلارنى چەتكە قېقىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. «مۇشرىكلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز ھەر ئۇممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.» (ئەنئام سۈرىسى 108 ـ ئايەت)

13ـ ماددا، دىنىي ئەركىنلىك

ھەر بىر شەخسنىڭ خالىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىش، خالىغان پىكىرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ دىنى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى باردۇر. «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.» (كافىرۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

14 ـ ماددا، دەۋەت قىلىش ھوقۇقى

A) جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ساھەلىرىگە قاتنىشىش، زاۋۇت، كارخانا ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش ھوقۇقى بار. «ئېيتقىنكى، "بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر. كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلەردىن ئەمەسمەن.» (يۇسۇف سۈرىسى 108 ـ ئايەت)

(Bھەر بىر شەخسنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش ۋە يامانلىقلاردىن قاچۇرۇش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، مۇقەددەس بۇرچىدۇر. شۇنىڭدەك، ھەر بىر شەخسنىڭ دۆلەتتىن، جەمئىيەتتىن كىشىلەرنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش يولىدا مەخسۇس مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن.» (ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەت)

15ـ ماددا، ئىقتىسادىي ھوقۇق

A ) تەبىئەت پۈتۈن بايلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ پادىشالىقى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.» (مائىدە سۈرىسى 120 ـ ئايەت) ئۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئاتاسىدۇر. «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.» (جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەت) ھېچكىمنىڭ كىشىلەرنى تەبىئەت بايلىقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشتىن توسۇش ياكى ئۇنىڭ نېسىۋىسىگە تاجاۋۇز قىلىش ھوقۇقى يوقتۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغانلىرى ھېچكىمدىن مەنئى قىلىنمايدۇ.» (ئىسرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت)

B ) ھەر بىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى باردۇر. «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.» (نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت) «زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا رىزىق تېپىش ئۈچۈن سەئى قىلىڭلار، ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار.» (مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

C ) خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھەركىمنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىدۇر. ھەر ئادەم ئۆزى يالغۇز ياكى ئورتاق بولغان ھالدا ئۆز مېھنىتى بىلەن ئىشلەپ تاپقانلىرىغا ئىگە بولىدۇ. «ئاللاھ ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ.» (نەجم سۈرىسى 49 - ئايەت) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكمۇ كىشىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىدۇر. ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن قۇرا (يەنى قۇرەيز، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرىنىڭ) ماللىرىنى، ئىچىگلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلەرگە خاس قىلدى» (ھەشر سۈرىسى 7 - ئايەت)

D ) مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى ئۈچۈن بايلارنىڭ ماللىرىدىن مەلۇم مىقدارى بەلگىلەنگەن ھەقتۇر. ئۇ «زاكات» دەپ تونۇلىدۇ. «ئۇلارنىڭ ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا بېرىلىدىغان مۇئەييەن ھەق باردۇر.» (مائارىج سۈرىسى24 - 25 - ئايەتلەر) بايلارنىڭ پېقىرلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان بۇ مۇئەييەن ھەقنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىشقا ياكى كېمەيتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

E ) بايلىق مەنبەلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قوللىنىش پەرزدۇر. بۇنىڭدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ياكى سۇيىستېمال قىلىشقا زادى يول قويۇلمايدۇ. «ئاللاھ تائالا ئۈستىگە مەسئۇلىيەتنى ئاتا قىلغان ھەر قاندا ئادەم شۇ مەسئۇلىيەتنى توغرا ئادا قىلمايدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنىدە، جەننەتنىڭ ھىدىنى ئالالمايدۇ.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

F) ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ سۇيىستېمال قىلىنماسلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى تۆۋەندىكىلەرنى مەنئىي قىلىدۇ:

1) ساختىپەزلىكنىڭ ھەممە تۈرى ھارامدۇر. «كىمكى ساختىپەزلىك قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس.» (مۇسلىم)

2) ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا كىشىلەرنى ئالداش ۋە تالاش تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان قانۇنسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالاھىيىتى مەجھۇل ماللارنى سېتىشنى مەنئى قىلغان.(مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد)

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈزۈمنى پىشىپ رەڭگى قارا بولمىغىچە، ئاشلىقتىن قاتمىغىچە سېتىشنى مەنئى قىلغان. (بۇخارى، مۇسلىم)

3) ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا ئادىل بولماسلىق، كىشىلەرگە كەم تارتىپ بېرىش قەتئىي ھارامدۇر. «ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ.» (مۇتەففىفىن سۈرىسى 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

4) بازار ئىقتىسادىنى مونۇپول قىلىۋېلىش قەتئىي ھارامدۇر. «مونۇپول قىلغۇچىلار گۇناھكارلاردۇر.» (مۇسلىم)

5) ئۆسۈم ئېلىش ياكى بېرىش بارلىق تۈرلىرى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر. «ئاللاھ سودىنى ھالال قىلدى ۋە جازانىخورلۇق قىلىشنى ھارام قىلدى.» (بەقەرە 275 ـ ئايەت)

6) ئەشيالاردا بولمىغان ئارتۇقچىلىقلارنى يالغاندىن ئېلان قىلىش ۋە خېرىدارلارنىڭ كۆزلىرىنى بوياش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى قەتئىي ھارامدۇر. «ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى تېخى ئايرىلىپ بولغانغا قەدەر سودىسىنى يۈرگۈزۈش ياكى يېنىۋېلىشتا مۇتلەق ئىختىيارغا ئىگىدۇر. ھەر ئىككىسى راستچىل بولغان بولسا ئۇلارنىڭ سودىسىغا ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئالدىغان بولسا سودىسىنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرۇپ قويغان بولىدۇ.» (بۇخارى، مۇسلىم)

7) ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش بىلەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى قائىدە، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق دەستۇرىدۇر.

16 ـ مادda، ئىگىلىكنى قوغداش ھوقۇقى

كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھەق ئىگىسىگە تولۇق بەدەل تۆلەش ئارقىلىق شەرىئەت قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار» (بەقەرە 188 ـ ئايەت) . «زېمىندىن ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان بىرەر نەرسە ئالغان ئادەم قىيامەت كۈنىدە يەتتە قات زېمىن ئاستىغا چۆكتۈرۈلىدۇ.»

(بۇخارى) ئومۇمىنىڭ مۈلكى مۇھىمدۇر. ئۇنىڭغا تاجاۋۇزچىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازامۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى بۇ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قارشى ئىشلەنگەن كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە خەلق ئالدىدا چوڭ خىيانەتتۇر. «سىلەردىن بىراۋنى بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر يىڭنىگە چاغلىق نەرسىنى يوشۇرغان بولساق، قىيامەت كۈنىدە ئۇ چوڭ بىر خىيانەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن ھېساب ئېلىنىدۇ.» (مۇسلىم)

17- ماددا، ئىشچىنىڭ ھەققى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى

«ئىشلەش» ئىسلام دىنى ياقلىغان چىققان ئۇلۇغۋار شۇئاردۇر. «ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ''ئىشلەڭلار! قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ.» (تەۋبە سۈرىسى 105 - ئايەت) ئىسلام دىنى نەزەرىدە ئېتىبارلىق سانىلىدىغان «ئىش» جان دىل بىلەن ئورۇنلانغىنىدۇر. «ئاللاھ سىلەرنىڭ جان دىل بىلەن قىلغان ئىشىڭلارنى ياقتۇرىدۇر.» (ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى)

ئىشچىنىڭ ھەقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ) ئىش ھەققىنى قىلغان ئىشىغا قاراپ كېمەيتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن تولۇق بېرىش. «ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ بولغىچە بېرىپ بولۇڭلار.» (ئىبنى ماجە)

2) ئىشچىنىڭ قىلغان ئەمگىكىگە يارىشا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى جايىدا تولۇقلاپ بېرىش. «ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمگىكىگە كۆرە مۇكاپات بېرىلىدۇ.» (ئەھقاف 19 - ئايەت)

3) جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئوخشىشى ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان بارچە ئىمتىيازلار بىلەن ئۇنى تەمىنلەش. «ئۇلارغا ئېيتقىنكى، "ئىشلەڭلار! قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ.» (تەۋبە سۈرىسى 105 - ئايەت)

4) ھەقسىزلىكلەرگە ۋە ئالدىنىشلارغا قارشى جەمئىيەتتىن تولۇق ھىمايىگە ئېرىشتۈرۈلۈشى. «ئۈچ خىل كىشى بىلەن مەن قىيامەت كۈنىدە دەۋالىشىمەن: ئۇلارنىڭ بىرى، ماڭا ئەھدە بېرىپ بولۇپ ئۇنى بۇزغان ئادەم، ئىككىنچىسى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم، ئۈچىنچىسى، بىراۋنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم.» (بۇخارى)

18 - ماددا، ھاياتلىق كېرەكلىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى

ھەر بىر كىشىنىڭ شەخسىيەت ھاياتلىق زۆرۈرەتلىرىدىن بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي، سەھىيە ئېھتىياجلىرى ۋە باشقا ئېھتىياجلىق شەيئىلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى باردۇر. شۇنىڭدەك، ھەر بىر شەخسنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ھەر ساھە ئىلىملەر ۋە پەنلەرنى ئۆگىنىش ھەم ئۆگىتىش ھوقۇقى باردۇر.

19- ماددا، ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى

A ) ئۆيلىنىش ھەر كىمنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىدۇر. ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئىپپىتىنى ساقلاش ۋە پەرزەنت تېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نام - نىشانىسىنى داۋام قىلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق يولىدۇر. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئىنساندىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار.» (نىسا سۈرىسى 1 - ئايەت)

ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىتىگە يارىشا ئىسلام شەرىئىتى تەرىپىدىن ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ھەق - ھوقۇقلار باردۇر. «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار. ئاياللارغا مېھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە.» (بەقەرە 228 - ئايەت) ئاتىنىڭ بالىلىرىنى ئېتىقادىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە ئىسلام شەرىئىتى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى باردۇر. بالىلىرىنىڭ تاللىغان ئېتىقاد ياكى پىكىر ئېقىمىدىن ئاتىسى مەسئۇلدۇر. «ھەممىڭلار چوپانغا ئوخشاش پەرۋىشچىسىلەر، ھەر بىرىڭلار ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن مەسئۇلدۇر.» (بۇخارى، مۇسلىم)

(Bئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى قەدىرلەش، پىكرىي قاراشلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە بىر - بىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ھەم شارائىتىنى چۈشىنىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھرى - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر.» (رۇم سۈرىسى 21 - ئايەت)

6) ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشلۇق ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قامداپ بېرىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «باي ئادەم ئايالىنى ۋە بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن، يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن.» (تالاق سۈرىسى 7 ـ ئايەت)

7) بالىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، ئاندىن ئۇلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇرچىدۇر. «ئاتا ـ ئاناڭغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" دېگىن.» (ئىسرا سۈرىسى 24 ـ ئايەت) كىچىك بالىلارنى ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ۋە ھەرخىل تەنتەربىيە ئويۇنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىش ياكى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تاقىتى سىرتىدىكى ئىشلارغا زورلاشقا بولمايدۇ.

8) بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغان شارائىتلاردا، بالىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىسلام دۆلىتىنىڭ (ئىسلام دۆلىتى بولمىغان رايونلاردا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ) زىممىسىغا يۈكلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر بالىنىڭ بارلىق چىقىملىرى دۆلەت تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. «مەن ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەلۋەتتە ھەقلىقمەن. كىمكى ئۈستىدە قەرز ياكى باققۇچىسىز پەرزەنتلىرى قالغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئۇنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، كىمكى پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ پۇل ـماللىرىغا ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرى ئىگىدۇر.» (بۇخارى، مۇسلىم)

9) ئائىلە ئەزالىرىدىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا، ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلەردىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن ۋە پەرۋىشىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى باردۇر. شۇنىڭدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بالىلىرىغا ئىگە بولۇش، باشتا ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھوقۇقى باردۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەم ھوقۇق ھەم مۇقەددەس بۇرچتۇر. «سەن ۋە سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭ ئاتاڭنىڭدۇر.» (ئەبۇ داۋۇد)

(10 ئانىنىڭ ئائىلىدىكى رولى چوڭدۇر. ئۇ قەدىرلىنىشكە ئەڭ ئاۋۋال سازاۋەردۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم دەپ سورالغىنىدا:

ـ ئاناڭ ـ دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ـ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟

ـ يەنە ئاناڭ.

ـ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟

ـ يەنە ئاناڭ.

ـ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟

ـ داداڭ ـ دەپ جاۋاب بەردى.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

H ) ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئورتاقتۇر، ئائىلە ئىشلىرىغا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە شارائىتىغا يارىشا ھەسسە قوشىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت ئاتا ـ ئانىنىڭ مەخسۇس مەسئۇلىيەتلىرىدىن تاشقىرى ئومۇمىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئۇ بالىلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئى رەسۇلۇللا! ياخشىلىق قىلىشنى ئاۋۋال كىمدىن باشلىسام بولىدۇ، دەپ سورالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: "ئاۋۋال ئاناڭغا قىلغىن، ئاندىن يەنە ئاناڭغا، ئاندىن داداڭغا، ئاندىن ئەڭ يېقىن تۇغقىنىڭغا، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەندىكى يېقىن تۇغقىنىڭغا قىلغىن" دېدى.» (ئەبۇ داۋۇد)

L ) قىز ـ ئوغۇللا ئۆزلىرى ياقتۇرمىغان بىرسىگە ئۆيلىنىشى ئۈچۈن زورلىنىلمايدۇ. «بىر قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئۇنى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا زورلاۋاتقانلىقىنى بايان قىلىۋېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزنىڭ كىمگە ياتلىق بولۇش ئىشىدا ئۆزىنىڭ تاللاش ھوقۇقى بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.» (ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد)

20 ـ ماددا، ئاياللار ھوقۇقلىرى

A ) ئاياللار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن ئۆز ئەرلىرى بىلەن ياشايدۇ. «ئاياللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئولتۇرىۋاتقان جايىڭلاردا ئولتۇرغۇزۇڭلار.» (تالاق سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

B ) ئاياللارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئەرلىرىنىڭ قامداش مەجبۇرىيىتى باردۇر. ئىككىسى ئايرىلغان تەقدىردىمۇ، ئايالىنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك ئۇنىڭ چىقىملىرىنى تەمىن ئېتىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر.» (نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت) قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلار ئەگەر ئېغىر ئاياق بولسا، بۇشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار.» (تالاق سۈرىسى 6 - ئايەت) قويۇۋېتىلگەن ئېغىر ئاياق ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن ئەرلىرىدىن ھەق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار ۋە ئەرلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ھەق تۆلەش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى بېرىڭلار.» (تالاق سۈرىسى 6 - ئايەت)

C ) ئايال كىشىنىڭ قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىش خېتىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى باردۇر. ئەگەر ئايال كىشى خېتىنى ئالغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئىختىيارىي ھالدا ئېرىگە مەلۇم مىقداردا ماددىي بەدەل تۆلىمەكچى بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى جائىزدۇر. ئەمما ئەرنىڭ ئايالىدىن ماددىي بەدەل تەلەپ قىلىشى ياكى ئۇنىڭ خېتىنى بېرىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. «ئەگەر سىلەر ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ ئاجرىشىش خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 229 - ئايەت)

D) ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن، بالىلىرىدىن ۋە تۇغقانلىرىدىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى باردۇر. «ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ.» (نىسا سۈرىسى 12 - ئايەت) «ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا، ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار.» (نىسا سۈرىسى 7 - ئايەت)

F) ئەر - ئايال ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ نومۇسىنى ۋە ئابرويىنى ساقلىشى مۇقەددەس بۇرچتۇر. ئىككىسى ئاجراشقان ھاللاردىمۇ، بىر- بىرىنىڭ سىرىنى، ھۆرمىتىنى ساقلىشى، بىر - بىرىنىڭ جىسمانىي يېتەرسىزلىكى ۋە

ئەخلاقىي ئەيىبلىرىنى ئاشكارا قىلماسلىقى لازىم. «ئۆز ئارا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى 237 ـ ئايەت)

21 ـ ماددا، تەربىيە ھوقۇقى

A) بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىدا ياخشى تەربىيە ئېلىشى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىدىندۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بولغاندەك، بالىلارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىش ۋە قولىدىن كەلگەنچە ياخشىلىقلارنى قىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە ”پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن“ دېگىن.» (ئىسرا سۈرىسى 24 ـ ئايەت)

B) ئوقۇپ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ھەركىمنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرزدۇر. «ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.» (ئىبنى ماجە)

C) مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر شەخسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشى ۋە پىكىر دۇنياسىنى يورۇتۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت ۋە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. «ئاللاھ بىراۋغا ياخشىلىق ئاتا قىلىشنى خالىسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ. مەن پەقەت تەقسىم قىلغۇچىمەن، ئاتا قىلغۇچى ئاللاھتۇر.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم) ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىغا ۋە قابىلىيىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان پەننى ياكى كەسىپنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە. «ھەركىم ئۆزى بىلەن يارىتىلغان نەرسىسىگە ئېرىشكۈچىدۇر.» (بۇخارى ۋە مۇسلى)

22 ـ ماددا، شەخسلەرنىڭ ئىگىلىكلىرىنى قوغداش ھوقۇقى

ئىنسانلارنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىلىش پەقەت ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر. بۇ ھەم ئاللاھغىلا مەلۇمدۇر. «سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرگەنمىدىڭ!» (مۇسلىم) كىشىلەرنىڭ ئۆز سىرلىرىنى يوشۇرۇش ھەققىدۇر، ئۇنى ئېچىش

ئۆچۈن جاسۇسلۇق قىلىش بولمايدۇ. «كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار.» (ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت) «ئى تىلى بىلەن ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئىمان چىن قەلبىگە يېتىپ بارمىغانلار جامائەسى! مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن يېنىڭلار. كىمكى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەيىبى قانچىلىك مەخپى بولغان ھالەتتىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى چوقۇم پاش قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەيىبىنى پاش قىلغان كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا قىلماي قالمايدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى)
23 ـ ماددا، سەپەر قىلىش ۋە مۇقىملىشىش ھوقۇقى
A) ھەر بىر شەخسنىڭ خالىغان جايلارغا سەپەر قىلىش، خالىغان جايلاردا مۇقىملىشىش، خالىسا ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلاردا پاناھلىنىش ئەركىنلىكى باردۇر. دۆلەت ياكى شەخسلەر كىشىلەرنىڭ بۇ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا چەكلىمە قويالمايدۇ. «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار.» (مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت) «ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» (نىسا سۈرىسى 97 ـ ئايەت)
B ) كىشىلەرنى قانۇنسىز ھالدا ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە زورلاشقا يول قويۇلمايدۇ. «ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن: ”ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟“ دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ”بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر.»
C ) ئىسلام يۇرتى بىردۇر، ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ۋەتىنىدۇر. جۇغراپىيىلىك ئايرىمچىلىقلار ياكى سىياسىي چەكلىمىلەر سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام يۇرتى بولغان پارچە دۆلەتلەر ئىچىدىكى سەپەر قىلىش ۋە يەرلىشىش ئەركىنلىكىگە چەك قويۇلمايدۇ. ھەر قايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەردىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىنى قىزغىن كۈتىۋېلىشى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنىكى قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى مۇقەددەس مۇسۇلمانلىق بۇرچىدۇر.» مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك ئەنسارلار يېنىغا

ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇ» (ھەشر سۈرىسى 9 ـ ئايەت).

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبى

مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان ئۇلارغا ھەرساھە ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى پەرز قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئۇلا ئۆچۈن تۈرلۈك كەشپىياتلاردىن يىپ ئۇچى بەرگەن تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۆچۈن تەرەققىياتتا ۋە ئىلىم ـ پەندە باشقىلاردىن ئارقىدا قالدۇ؟

قۇرئاندا، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە مۇكەممەل دەرىجىدە بېكىتىلگەن تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىۋاتقان مەملىكەتلەرمىز» دەپ سانايدىغان بەزى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئىجرا قىلىشتا نېمە ئۆچۈن ياۋرۇپالىقلاردىن ئارقىدا تۇرىدۇ؟

بۇ لارنىڭ جاۋابى مۇنداق:

دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىناغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىكى پىرئەۋنىيلەر، ناپاليونلار، ھۇنلار، ئاندىن يۇنانلىقلار، ئاندىن رىملىقلار بەرپا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ياراتقان. ئۈچىنچى قەۋىتىنى بولسا، ھازىرقى ياۋرۇپالىقلار بەرپا قىلغان بولدى. بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەدەنىيەتلەرگە يات ئەمەسمىز، بەلكى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەلۋەتتە زور ھەسسىسى بولغان. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلاردىن بىرۇنىي، خارەزمىي، فارابىي، ئىبنى رۇشدى، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا ۋە باشقا سان ـ ساناقسىز ئالىملارنىڭ ھەر بىرى، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە ۋە بۇلاردىن باشقىمۇ تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ساھەلىردە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغانلار ئىدى. ھازىرمۇ ياۋروپانىڭ ئاتاغلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئىبنى سىنانىڭ «مېدىتسىنادا ئاساس» ناملىق قەدىمىي ئەسىرى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلماقتا. قىسقىسى، ئاتا ـ بوۋىلىمىز تەبىئەتتىكى ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەپەككۇر قىلغان. بىز يىراققا بارماي تۇرۇپ، ناھايىتى ئاددىينە بىر مىسالنى

ئالايلى: « ئەينەكمۇ ئۆز دەۋرىدە قالتىس مۆجىزىلىك ئۇچۇر بولغانىدى. ئۇلار ئەينەكنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران قېلىپلا ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇنى مەلۇم بىر ئەخلاقىي، غايىۋى دىتنىڭ مۇجەسسىمىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، كۆز ئالدىدا نەق بولمىغان يىراق دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى كۆرۈپ كۆزىتىدىغان «جاھاننامە ئەينىكى» گە ئۆزگەرتىپ تەرەققى قىلدۇرالىغان. روشەنكى، ئەينەك بىلەن «جاھاننامە ئەينىكى» ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بار. ئەينەك كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىگە نەق نەرسىلەرنى كۆرسەتسە، «جاھاننامە ئەينىكى» يىراق ئەللەرنىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇمۇ بىر كەشپىيات ئىدى. ئەمما بۇ ـ تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات، لېكىن تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات بولمىسا ئەمەلىيەتتىكى ماددىي كەشپىيات دەلىللىرىمۇ بولمايدۇ. ئەلىشىر ناۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئەينەكتىن ئىلھاملىنىپ، «جاھاننامە ئەينىكى»نى قىياس قىلغان. بۇ ئۇلۇغۋار قىياس مەيدانغا كېلىپ تۆت ـ بەش ئەسىردىن كېيىن، «تېلېۋىزىيە» دېگەن نەرسە ياسالدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق قىياسلىرى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىغان. ئۇنى غەربلىكلەر ياساپ چىققاندىن كېيىن ئەقلىمىز بىر مەزگىل ئالاقزادە بولۇپ، تۆت ـ بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى بوۋىلىرىمىزنىڭ خىيال ياقىدىكى كەشپىياتنى ھۇرۇن بىر ئىپتىخار بىلەن ئەسكە ئالدۇق.(“ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى” دىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

دۇنيادا سائەت دەيدىغان نەرسە ئىجاد قىلىنمىغان زامانلاردا، دەسلەپ قىلىپ مۇسۇلمانلار قۇم سائىتىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەرىپىدىن شۇ ۋاقىتتىكى فرانسىيە قىرالىغا بىر قۇم سائىتى سوۋغا قىلىنغاندا، ئۇلار مېڭىۋاتقان بۇ قۇم سائىتىگە ھەيران قالغانلىقتىن «بۇنىڭ ئىچىدە شەيتان بار ئوخشايدۇ» دېگەنىكەن. بۇ ۋەقەلىكتىن بىر قانچە يۈز يىل كېيىن، غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان «تېلېۋىزىيە» مىسىرغا دەسلەپ يېتىپ كەلگىنىدە، مۇسۇلمانلار بۇ ئاجايىپ نەرسىگە ھەيران قالغانلىقتىن، «بۇنىڭ ئىچىدە شەيتان بار ئوخشايدۇ» دېيىشكەنىكەن.

مۇسۇلمانلار 14- ئەسىردىلا قەرغەز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، باغداتنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئىسلامىيات ۋە باشقىمۇ ئەسەرلىرىنى قەغەزگە بېسىپ چىقارغان بولسا، شۇۋاقىتتىكى غەربلىكلەر ئەسەرلىرىنى تېرىلەرگە، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا

يازغانىكەن. تەرەققىيات نۆۋىتى ئالماشقاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئىسلام ئەللىرى ۋە باشقىمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ياۋروپالىقلاردىن بىرىم ئەسىر كېچىكىپ يېتىپ كەلدى.

قارىمامسىز! دۇنيا قانداق ئۆزگەرگەن ۋە مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا نۆۋىتى قانداق ئالماشقان؟

بۇنىڭدا دىنىمىزنىڭ بىرەر كەمچىلىكى بارمۇ؟ تەبىئىيكى، ياق!

ئۇنداقتا كەمچىلىك كىمدە؟

ئۆزىمىزدە!

بۇرۇنقىلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغان ۋە قۇرئاننىڭ كۆرسەتكەن داغدام يولىدا ئىزچىل يۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكلىرىنى تاپقان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئۈچ قىتئەدە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىيەلىگەن. ئۇلار شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا نىسبەتەن، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە ئاساس سالغۇچىلىرى بولۇپ ياشىغان. پەقەت 16 ـ ئەسىردىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا بۆلۈنۈشى، قۇرئاننىڭ روھىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇزاقلىشىپ ھەر تۈرلۈك خۇراپاتلارنى «دىن» دەپ قوبۇل قىلىشى، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىپ تەۋەككەلچىلىك بىلەن ئۆمۈر سۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەرەققىيات نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەلتەنەتتىن، كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ۋە خەلقئارالىق ئېتىباردىن ئايرىلىپ قېلىپ بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، ئاندىن ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچىكىگە زىيانكەشلىك قىلغان بولدى.

ئەمدى، قۇرئاندا، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە مۇكەممەل دەرىجىدە بېكىتىلگەن تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «ئىسلام دىنىنى تەتبىق قىلىدىغان مەملىكەتلەرمىز» دەپ سانايدىغان بەزى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئىجرا قىلىشتا ۋە باشقا جەھەتلەردە نېمە ئۈچۈن ياۋروپالىقلاردىن ئارقىدا تۇرىدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، شۈبھىسىزكى، ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرى، خۇسۇسەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىرقچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەتلەر بولۇپ، ھەممىسى «بىزنىڭ ئاساسلىق دەستۇرىمىز قۇرئان» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ ھەيھات! كاشكى شۇنداق بولسا ئىدى. بۇلار راستىنلا قۇرئانغا

ئەمەل قىلغان بولسا، قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىنى تەتبىق قىلىشتا، «مۆمىنلەر ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر» نى «ئەرەبلەر ھەممىدىن ئۈستۈندۇر»غا، «مۆمىنلەر ياۋۇز كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ئارا كۆيۈمچاندۇر»نى «ئۆز ئارا قاتتىقتۇر، كۇففارلارغا كۆيۈمچاندۇر»غا، «سىلەر ھەقىقىي مۆمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىسىلەر»نى «ئامېرىكىغا غالچىلىق قىلساڭلار ھاكىمىيىتىڭلارنى ساقلاپ قالالايسىلەر»گە ئۆزگەرتىپ ئىش كۆرمىگەن بولار ئېدى. سادداممۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى مۇجاھىد دەپ ئېلان قىلغان ۋە بايرىقىغا «ئاللاھۇ ئەكبەر»نى يېزىپ ئوتتۇرىغا چىققان. سەددامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسىز؟ سەددام ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ساداقەتمەن كۈچۈكلىرىدىن بىرى ئېدى. بىراق زامان ئۆزگەردى. ئامېرىكا سەددامدىن بىھاجەت بولۇش دەۋرىگە يەتتى.سەددام ئامېرىكىنىڭ غەربىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولغان سان - ساناقسىز بىگۇناھ ئالىملارنى، زىيالىيلارنى «تېررورىست» قالپىقى بىلەن قىرغىن قىلغان، ھەتتا سەبىيلەرنىڭمۇ خۇنىغا بوغۇلغان، بىگۇناھ كۇرد خەلقىنى خىمىيەۋىي قۇراللار بىلەن قەتلىئام قىلغان، ئىراندا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى خوجايىنلىرىنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ، بىگۇناھ ئىران خەلقىنى سەككىز يىل قىرغان، بۇرۇندا ئىسرائىلىيە پەلەستىننى ئىستېلا قىلغىنىنىڭ سىرتىدا، لىۋان، مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ تۇپراقلىرىنى بېسىۋالغان ۋە ئەرەبلەرنى تەھدىد ئاستىغا ئالغان ۋاقىتلاردىمۇ، دۈشمەنگە قارشى بىرەر پاي ئوق چىقارمىغان، كېيىنچە، بېشىغا كۈن كەلگەندە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئىسرائىلىيەگە بىر قانچە باشقۇرۇلغۇچى بومبىنى ئېتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان، ئىسلام شۇئارىنى ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتى ئۈچۈن قالقان قىلماقچى بولغان مەككار، نىجىس ئادەمدۇر. ئۇنىڭ زالىم ھاكىمىيىتىمۇ ئۆز خوجايىنلىرى تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. ئەنە شۇنداق چېكىدىن ئاشقان زالىمنى ئۇنىڭدىن ۋەھشىرەك يەنە بىر زالىمنىڭ قولى بىلەن جازالاش ئاللاھنىڭ كائىناتتا بېكىتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ ھازىرقى ھاكىمىيەتلىرىمۇ، سەددامدىن ئانچە ياخشىمۇ ئەمەس. بۇلار سەددامنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ تەختىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ھەدەپ ئۆز خەلقىنى

باستۇرۇپ كەلمەكتە ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ زىيىنىغا مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىنى ياۋرۇپا مەملىكەتلىرىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ تۆگىنى نەدە ئىكەنلىكىنى ئۇبدان چۈشىنىمىز.

ئۇلاردا (ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە) ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىش روھى بولسا، بۇلاردا (ئىسلام مەملىكەتلىرىدە) ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن شۇبھىلىنىش پاسسىپلىقى بار.

ئۇلاردا ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكىش روھى بولسا، بۇلاردا باشقىلار پىچىپ بەرگەننى تىكىش روھى بار.

ئۇلاردا دېموكراتىيە بولسا، بۇلاردا دىكتاتۇر بار.

ئۇلاردا ئەركىن سايلام بولسا، بۇلاردا ساختا سايلام ياكى تەخت مىراسخورلىقى بار.

ئۇلاردا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش بولسا، بۇلاردا چوڭ ھاكىممۇتلەققە ـ ئاقسارايدا ئولتۇرۇپ ئىش باشقۇرىدىغان ھاكىممۇتلەققە بېقىنىش بار.

ئۇلاردا تىرىشچانلىق بولسا، بۇلاردا ھورۇنلۇق بار.

ئۇلاردا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق روھى بولسا، بۇلاردا بۈگۈنكى ئىشنى كېلىدىغان يەنە بىر يىلغىچە كېچىكتۈرۈش پاسسىپلىقى بار.

ئۇلاردا ئىنتىزامچانلىق بولسا، بۇلاردا بىپەرۋالىق بار.

ئۇلاردا ئىنسانىيەتچىلىك بولسا، بۇلاردا تارمىللەتچىلىك بار.

ئۇلاردا ئىجاد ۋە كەشىپ قىلىش روھى بولسا، بۇلاردا تەييارغا ھەييار بولۇش پاسسىپلىقى بار.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بۇلار قانداقمۇ ئۇلارغا يېتەلىسۇن؟ قانداقمۇ ئارقىدا قالمىسۇن؟

يوقىرىقى سېلىشتۇرمىلارغا قارىسىڭىز بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى ـ گويا ياۋرۇپالىقلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ۋە ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلغان، مۇسۇلمانلارنى بولسا، تاش دەۋرىدە ياشاۋاتقاندەك كۆرىسىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىزدە ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇق جازىسى بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ نامىلا قالغان،ئۇنىڭ روھىنى ياۋروپالىقلار ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. ئەجەپلىنەرلىك ھە...!

مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى خورلۇقتىن ئەزىزلىققا، نامراتلىقتىن بايلىققا، ئاجىزلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرگەن مۇبارەك ئىسلام دىنىنىڭ قەدرىنى بىلمىدى. ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەبىيەتلىك جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشقا ئۇرۇنۇپ تۇردى. ئۆزلىرىنى ھۆرمەتلىك بىر مىللەت قاتارىغا كۆتۈرگەن ئۇلۇغۋار ۋەھيىنىڭ روھىغا خىيانەت قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنىڭ پەقەت ئىسلام دىنى سايىسىدا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى، ئىسلامدىن ئايرىلىپلا قالغان كۈنى ھۆرمىتىدىن ۋە ئىززىتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئونۇتتى. نەتىجىدە، ھازىرقى كىرىزىسقا مۇپتىلا بولدى.

نۆۋەتتىكى بۇ كىرىزىستىن چىقىشنىڭ بىرلا چارىسى دىنىنىڭ ئەسلىگە قايتىش ـ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە بارشىمۇ ساھەلەردە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «بۇ ئۇممەتنىڭ ئەھۋالى پەقەت بۇرۇنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزەلگەن نەرسە(يەنى ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىش) بىلەنلا تۈزىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىچىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى توغرىمۇ؟ ئۈمىدسىزلىنىش خاتادۇر ھەمدە چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ بۇ دىنىنى تا قىيامەتكىچە چوقۇم داۋام قىلدۇرىدىغانلىقىغا ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولغانلارنى دۇنيادا ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن. تارىخىمىز بۈنىڭغا بىتەرلىك شاھىد بولالايدۇ. بىزمۇ ساھابىلار(ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار)دەك بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلاردىن كېيىنكىلەرچىلىك ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولۇپ كۆرەيلى قېنى، ئاللاھنىڭ ياردىمى، نۇسرىتى ۋە يۆلەن ۋەدىلىرىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى شۇۋاقىتتا بىلىمىز ۋە كۆرىمىز. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ دىنىنى ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئاران 4 كىشى بىلەن باشلىغانىدى. ھەتتا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە تۇرغىنىدا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۇنىڭ بېشىغا بىر تۆگىنىڭ ئىچ قېرىنلىرىنى ئارتىپ قويۇپ تاماشىشا كۆرگەند، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن بۇ نىجاسەتنى ئېلىۋېتىشقا ئۇنىڭ قىزىدىن باشقا ھېچبىر مۇسۇلمان جۈرئەت قىلالمىغانىدى. دېمەككى، مۇسۇلمانلار شۇ

دەۋرلەردە شۇنچىلىك كۈچسىز ۋە زەئىپ ھەم نامرات ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بويسۇندۇرغانلىقى سىرتىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقلاردىن رىم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىنى تارمار قىلغانلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە كۈچ ـ قۇۋۋەت نەدىن كەلگەن؟ تەبىئىيكى، ئاللاھتىن كەلگەن! ئاللاھ شۇنداق چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىكى، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە يۈرەكتىن ئىشىنىپ ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن كىشىنى ھېچ ۋاقىتتا ئۈمىدسىز قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىرىگە ئۆزى بىۋاستە كېپىللىك قىلىدۇ.
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئەمەل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ تۈگىمەس ياردىمىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ئۆلگىلىك كىشىلىرىمىزدۇر.
ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ بۇ ھالىغا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەب بولغانمۇ؟ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولالمىغانلىقى سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ بۇ ھالىدىن ئىسلام دىنى بىزاردۇر، ئەلۋەتتە.
بۇ ئەھۋالدا، سىز ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن نېمىنى كۈتىسىز؟ ھازىر بۇ مەملىكەتلەرنى مۇسۇلمانلىقتا بىزگە ئۆلگە بولىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر بۇلار مۇسۇلمانلىقتا ئۆلگىلىك مەملىكەتلەر بولغان بولسا ھالىمىز بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق كۈنگە قالماس ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قىبلىسى، ئۈچ ھەرەمنىڭ ئۈچىنچىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بۆشۈگى بولغان مەسچىدى ئەقسامۇ يەھۇدىلارنىڭ قولىدا قالماس ئىدى . چۈنكى ھەقىقىي «ئىسلام دۆلىتى» ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە قۇرغان ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىمۇ ھۆكۈم سۈرگەندەك، دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، مىللەت، ئىرق ئايرىمايدىغان ۋە ھەممىسىگە بىردەك ھامىي بولالايدىغان بولىدۇ.
تارىخلاردىن مەلۇمكى، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە، بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ قۇستېنتىنىيە(ھازىرقى ئىستانبۇل) دىكى بىزانس ئىمپېراتورلىقى دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەن ھامان، خەلىپە ئۆمەر ئىمپېراتورغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازىدۇ: «ئايالنى ھازىرلا قويۇۋەت! ئەگەر شۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، ساڭا شۇنداق بىر

قوشۇن ئەۋەتىمەنكى، ئۇنىڭ بېشى سېنىڭدە، ئاخىرى مېنىڭدە بولىدۇ». بۇ تەھدىتتىن چۈچۈگەن بىزانس ئىمپېراتورى ئايالنى تۆرمىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە ئالى ئىھتىرام بىلەن ئۇنى مەخسۇس قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا خەلىپە ئۆمەرگە تاپشۇرىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچانلىق. بۇ نېمە دېگەن جۈرئەت - ھە! شۇ ۋاقىتتىكى بىزانس ئىمپېراتورلۇقىمۇ ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يەللىسىگە مىنىۋالغان زوراۋان دۆلەتلەردەك كۈچلۈك ئىدى. ئەمما گەپ ماددىي كۈچ - قۇۋۋەتتە ئەمەس، بەلكى ئىمانىي قۇۋۋەتتە. ماددىي قۇۋۋەتمۇ ئىماننىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەركىمنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتىن بولغان نىسبىتى ئۇنىڭ ئىماندىن بولغان نىسبىتىگە قاراپ بولىدۇ. بىز مۇسۇلمانلاردا ئىمان ئاجىز بولغانلىقتىن، جۈرئەتمۇ كەم، ھەتتا يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەلەستىن مەسىلىسى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ھەل بولغىنى يوق. چۈنكى بۇ مەسىلە جۈرئەتنى ئەمەس، بەلكى پۇل - مال كەتسىمۇ جان كەتمەيدىغان سۆنئىي دەۋالار ۋە ئايىغى چىقمايدىغان سۆلھى - سالالارنى دو تىكىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ھەقىقەتپەرۋەر، ئوت يۈرەك غەييۇرانلارمۇ ئاز ئەمەس. بىراق ھاكىمىيەت بېشىدىكى قورچاق ھاكىممۇتلەقلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئولتۇرغانلىقتىن، تەختتىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى تۈپەيلى مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خاھىشلىرىنى ئورۇنلىماقتا ۋە ئۆز خەلقىدىن چىققان ئىقتىدارلىق سىياسىيونلارنى، زىيالىيلارنى ۋە ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ئالىملارنى كۆزدىن يوق قىلىپ تۇرماقتا.

دېمەك: ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلىقتا كىشىلەرگە ئۆلگە بولالايدىغان بىرمۇ ئىسلام دۆلىتى يوقتۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز باشقىلاردىن كۈتكەننىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ كېلەچىكىنى ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟! قولىمىزدا ئۆلمەس دەستۇرىمىز ــ قۇرئان بىلەن ھەدىس بار. بۇلارنى تەتبىق قىلىدىغانلار مەن، سىز ۋە ئۇ. ئەڭ ئاۋۋال بىز دىنىمىزنىڭ چىن روھىنى ئۆزىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى دۇنيادا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. «مۇسۇلمانلار ئۇنداق، مۇسۇلمانلار مۇنداق» دەپ ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا،

مەن بىلەن سىز توغرىسىنى قىلايلى! چۈنكى «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

# بىكار نەرسە يوق

كائىناتتىكى شەيئىيلەرنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. بەلكى ھەر نەرسە بىرەر ھېكمەت ۋە بىرەر مەقسەت بىلەن يارىتىلغاندۇر.
ھېكمەت دېگەن نېمە؟
ھېكمەت ـ بىرەر شەيئىنىڭمۇ مەقسەتسىز يارىتىلمىغانلىقى، ھەر شەيئىنىڭ مەلۇم بىر مەقسەتنى كۆزلىگەن ھالدا يارىتىلغانلىقى دېمەكتۇر.
كائىناتقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئاددى شەيئىيلەردىن باشلاپ، يوقىرىسى ئىنسان، ئۆسۈملۈكلەر ئالەمى، ھايۋاناتلار ئالەمى ۋە باشقا ئالەملەردىكى ھەر نەرسىنىڭ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ئاجايىپ ھېكمەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنساننى ئالايلى، ئىنسان باشتىن ئاخىر پەقەت ھېكمەتلەر مەجمۇئەسىدۇر.
1. تۆكۈرۈك
ئىنسان ئېغىزىنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغان تۆكۈرۈكنى بىز ئېغىزدا پەيدا بولىدىغان ۋە يەرگە تۆكۈرۈلۈپ ئېتىلىدىغان بىر خىل سۇ دەپلا بىلەتتۇق. ئەمما ئىلىم ـ پەن ئاشۇ سۇنىڭ يەنى تۆكۈرۈكنىڭ ئېغىزىمىزدىكى ئۈچ ئورۇندىن چىقىپ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئىشلەيدىغان ۋە ئۈچ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۇ ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. بەلكى بۇنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن سىز بىلەن مەنمۇ بىلمەيتتۇق. ئېغىزىمىزدىكى تۆكۈرۈكنىڭ ئۆتەيدىغان ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىسىنىڭ بىرىنچىسى، تەم بىرىش يەنى يېگەنلىرىمىزدىن تەم ۋە تات ئېلىشىمىز تۆكۈرۈكنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككىنچىسى، تۆكۈرۈك يېمەكلەرنى يۇتىشىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلىدۇ. تۆكۈرۈك سايىسىدا بىز ھەرقانداق قاتتىق نەرسىلەرنىمۇ ئۇڭايلا يۇتالايمىز. ئۈچىنچىسى، تۆكۈرۈك يېمەكلىرىمىزنى چاينىغىنىمىزدا ئۇنى يۇمشىتىپ بىرىش رولىنى ئوينايدۇ.
نورمالدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدا كۈنىگە1 لېتىر بىلەن 1.5 لېتىر ئارىسىدا تۆكۈرۈك يىغىلىدۇ. مۇندىن باشقا، ئېغىز كۈندىلىك ئۇنىڭغا تاشقىرىدىن كىرىدىغان مىڭلارچە مېكروبلارنى پەقەت تۆكۈرۈك سايىسىدىلا ئۆلتۈرۈپ تۈرىدىغان ئورگاندۇر. چۈنكى، تۆكۈرۈك تەركىۋىدە «سولفۇسىيا

نورۇن»دەپ ئاتىلىدىغان مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ماددا باردۇر. تۆكۈرۈك بولمايدىغان بولسا، بىز يېگەن نەرسىلەردىن ھېچقانداق تەم ئالالمايدىغانلىقىمىز ئېنىق. يەنە تۆكۈرۈك تەركىبىدە «فوسفور» ماددىسى بولۇپ، ئۇ چىشلارنىڭ پارلاقلىقىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۆچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ماددىدۇر. تۆكۈرۈك تەركىبىدە يەنە «فولور» ماددىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چىشلارنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2. سوقۇر ئۈچەي

ماتېرىيالىزمچىلار سوقۇر ئۈچەينى دەسلەپكى مايمۇننىڭ قالدۇقى ۋە ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان بىر ئارتۇق ئورگان، دەپ تەرىپلىگەنىدى. سوقۇر ئۈچەي - قېلىن ئۈچەي بىلەن ئىنچىكە ئۈچەينىڭ ئارىسىدىكى بىر ئورگاندۇر. زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ سايىسىدا بۇ ئورگاننىڭمۇ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق رولى بار ئىكەنلىكى كەشىپ قىلىنغان. بۇرۇن بىئولوگىيە ئالىملىرى سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ ھېچبىر سەلبى تەسىر كۆرمىگەن ھالدا بېجىرىم ئۆمۈر سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سوقۇر ئۈچەي بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان . كېيىنكى يىللاردا، سوقۇر ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قېلىن ئۈچەي راكىغا ئۇچرىغانلىقى كۆرۈنۈشكە باشلىغان. چۈنكى سوقۇر ئۈچەي مىكروبلارغا قارشى ماددىلارنى ئۆزىدىن چىقىرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇتتىكى ئەڭ كۆپ مىكروب قوبۇل قىلىدىغان ئورگان - قېلىن ئۈچەينى مىكروبلار بىلەن زەھەرلىنىشتىن قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

3. ئاغرىق

ھېچبىر ئاغرىق ھېس قىلمىساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە! 1942 - يىلى Sr Tomas.L ئەپەندى ئاغرىق ھەققىدە سۆزلەپ: «ئاغرىقنىڭ تولۇق تەرىپىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر» دېگەن بولسا، 1969- يىللىرىدا ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتۇر Sargent.M ئاغرىق توغرۇلۇق «ئاغرىقنى تەرىپلەش كېرەكسىز بىر ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ» دېگەنىكەن. ئىنسانلار تەرىپىدىن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە ھېكمىتى يوق دەپ بىلىنگەن ئاغرىق تۇيغۇسى بولمىغان بولسا، ئۆزىمىزنىڭ كېسەل بولغىنىمىزنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟ ھالبۇكى، ئاغرىق بىكارغا ھېس قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ھېس

قىلىنغانلىقى ۋۇجۇتتا چوقۇم غەيرى نورمال بىرەر ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ سىگنالى ئەمەسمۇ؟!

ئاغرىقنى ھېس قىلىش بولمىغان بولسا ئۆزىمىزنى ساغلام دەپ چۈشىنىپ، كېسەللىك ئېغىرلىشىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغاندا، ياكى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولار ئىدۇق.

ئەمما ئاغرىقنى ھېس قىلىش سايىسىدا بىز بىرەر ئاددى كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ ھامان ھېس قىلىمىز ـ دە، داۋالىنىشقا ئالدىرايمىز. مەسىلەن: چىشىمىز ئاغرىغاندا ئۇنىڭ چىرىگەنلىكىنى بىلىمىز ۋە دەرھال داۋالىنىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاقتىلىق ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرىنى قوللىنىش بىلەن كۇپايە قىلىپ، چىش دوختۇرىغا بارماي يۈرۈۋەرسەك ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز. چۈنكى، چىشلارنىڭ مىكروب سەۋەبى بىلەن چىرىيدىغانلىقى ۋە ئاغرىيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇنى ۋاقتىدا داۋالاتمىغاندا، چىشلاردىن ئۆتىدىغان قان تومۇرلىرى ئارقىلىق بۇ جايدىكى مىكروبلار ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئورگانلارغا تارقىلىدۇ. نەتىجىدە، بەزى ئورگانلاردا، خۇسۇسەن يۈرەكتە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بولمىغان بولسا، بىز نە چىشىمىزنىڭ مىكروبلانغانلىقىنى، نە باشقا ئورگانلىرىمىزنىڭ كېسەللىككە يۈز تۇتقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

دېمەك، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ھېكمەتسىز، بىكارغا ياراتقان ئەمەس!

# ۋىجدان دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرالامدۇ؟

بەزى پەيلاسوپلا ۋىجداننىڭ دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، زامانىمىزدا بۇ نەزەرىيەنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. چۈنكى ئىنسانلاردا يارىتىلىشتىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن، «ۋىجدان» دەپ ئاتالغان بىر كۈچنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈچ بىلەن ياخشى ـ ياماننى، توغرا ـ خاتانى ئايرىۋالالايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئەمما بۇ كۈچنىڭ تەلىم ـ تەربىيىلەر بىلەن كۈچلەنگىنىدەك، ناچار ئادەتلەر، يامان دوستلار ۋە سەلبىي جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئاجىزلىشىدىغانلىقى، ھەتتا يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەتتۇر. ۋىجداننىڭ ھەركىمدە ئوخشاش سەۋىيىدە بولمايدىغانلىقىمۇ بۇ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

ئەگەر ۋىجداننىڭ بولغانلىقىلا كۇپايە قىلىدىغان بولسا، كىچىككىنە بېرەر شەپقەتسىزلىك ياكى ئاددىغىنە بىر خاتالىق تۈپەيلى بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن ئازراق مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، ئۆز يارانلىرىنى پۇل ئۈچۈن سېتىۋاتىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ دۇنيادا شۇنداق ۋەھشى ئىنسانلار كۆرۈلىدۇكى، ئۇلاردا يەرلەشكەن ناچارلىق ۋە خەسىسلىك تۈپەيلى ئۇلاردا «ۋىجدان» دېگەن نەرسە يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلانغان.

«ۋىجدان يېڭىلمەس بىر ئىلاھىي رەھبەردۇر. پەقەت بۇ رەھبەرنىڭ بولغانلىقى يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنى ھەرتۈرلۈك بۇزۇلۇشلاردىن مۇھاپىزەت قىلىپ قوغداش زۆرۈردۇر. ياخشى بىر ۋىجدانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دىنىي تەربىيىدە ۋە ئەخلاقتا يۈكسەلگەن، دىيانەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشاش كېرەك. ۋىجدان ئۆزى يالغۇزلا ئىنسانغا نە يارىتىلىشىنىڭ مەقسەتلىرىنى، نە توغرا ـ خاتانى، نە ياخشى ـ ياماننى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. ۋىجداننىڭ يولىدىن ئازماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىگە يول كۆرسىتىدىغان بىرەر رەھبەرگە مۇھتاجدۇر. بۇ رەھبەر بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دىنىدۇر» دېگەن Jane Jecuse نىڭ بۇ سۆزلىرى نېمە دېگەن توغرا ئېيتىلغان.

دېمەككى، توغرا يوسۇندا ھەقىقىي دىنىي تەربىيە ئالغان ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن چوقۇم مەنئى قىلالايدۇ ۋە گۈزەل ئەخلاق

دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسمەن دىندارلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلار ئۇلاردا توغرا دىنىي تەربىيىنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئېتەلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

مۆجىزە سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ـ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرغۇچى بىردىنبىر خارىقى ئادەت ئىش دېمەكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، مىسىردىكى پىرامىدا، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى، ھىندىستاندىكى تاج مەھەل ۋە بۇلاردىن باشقا بۇرۇنقىلار ياسىغان بولسىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ نەزىرىدە پەۋقۇلئاددە سانىلىدىغان سىرلىق ئىشلار زامانىمىز ئىنسانلىرى ئۈچۈن مۆجىزە بولۇپ قالغان.

ئەمما مۆجىزىنىڭ ئىستېمالدىكى مەنىسى ـ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ئىسپاتلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسىنى بەرگەنلىكى، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىگە تاشلانغان بولسىمۇ، نە ئۇنىڭ بەدىنى، نە تېرىسى ئوتتا كۆيمىگەنلىكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەنلىكى قۇرئان ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە ـ قۇرئاندۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى

بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقتىن، ئاللاھ شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.
ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ئۇكاز» شەھىرىدە پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بالاغەتلىك، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى ، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.
شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىنقىلابلارنى يورۇتقان، بالاغەت، پاساھەت جەھەتتىكى بەدىئىيلىكتە ئەڭ

ئۇستۇنلۇكنى ئېگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب ـ تىلى راۋان» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم ـ تىلسىز» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بارچە ماھارەتلىرىنى يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

**ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى ـ قۇرئان**

قۇرئان پايانسىز كەتكەن بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى قانچىلىك تولۇق بايان قىلالىدۇق دېگەن تەقدىردىمۇ، قىلغان بايانلىرىمىز دېڭىزدىن بىرەر تامچە بولىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئۇلارنى تولۇق بايان قىلىش پەۋقۇلئاددە يوقىرى بىلىم ۋە سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، سەۋىيەمىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىماي كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىشقا تىرىشىماقچىمەن. بۇلارنى تۆۋەندىكى 4 ماۋزۇغا ئىخچاملاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

1. قۇرئاننىڭ تەركىبلىنىشىدىكى ئۇستۇنلىكى

قۇرئاندىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، بۇ سۆز بىر ـ بىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە باغلىنىپ كەلگەن. ئىبارىلىرىمۇ ئىنتايىن سىلىق ۋە چاققان بولۇپ، ئوقۇش ۋە يادلاشقا شۇنچىلىك ئەپلىك ھەم ئۇيغۇندۇر. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنى ئاڭلاش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلالايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاڭلاۋاتقان ئەرەبچە ئىبارىلەرنىڭ ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى تېزلا ئايرىۋالالايدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆزدە ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى پاساھەت، بالاغەت، ئىستىئارە، كىنايە، مەجاز ۋە باشقا بەدىئىيلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يوقىرى ئۆلگىلىرى تېپىلىدۇ. ئەرەبلەر قۇرئان چۈشۈشتىن بۇرۇن سۆزدە يېڭىلمايدىغان خەلق ئىدى. ھەتتا يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ تالانتلىق شائىرلىرى ۋە ئاتاغلىق ئەدىبلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايتتى. ئەمما قۇرئاننىڭ كېلىشى بىلەنلا ئەرەبلەرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قۇرئان ئۇلارغا دۇئىل ئېلان قىلدى. ئۇلار قۇرئان كەرىم ئېلان قىلغان دۇئىلغا جاۋاب بېرىشكە

زادى قادىر بولالمىدى. ئاللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» (ئىسرا سۈرىسى 88 ـ ئايەت)

ئەرەبلەر يوقىرىقى دۇئىلغا جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارغا ئاۋۋالقىسىدىن يېنىكرەك تەلەپ قويۇپ: «ئېيتقىنكى، (ئەگەر قۇرئاننى مۇھەممەدنىڭ سۆزى دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرىدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ قۇرئاندىكىگە ئوخشاش ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار» دەيدۇ. (ھۇد سۈرىسى 13 ـ ئايەت)

بۇ مۇنازىرىدىن كېيىنمۇ ئۇلار ئون سۈرە ئىجاد قىلىشقا قادىر بولالمىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشاش بىرەر ئايەتنىمۇ ئىجاد قىلالمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: «(مۇھەممەدكە) بىز چۈشۈرگەن قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار. (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ( قۇرئانغا مۇنازىرە قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىنى ياردەمگە چاقىرىڭلار.» (يۇنۇس سۈرىسى 38 ـ ئايەت)

ئۇلار بىرەر ئايەتنىمۇ ئىجاد قىلالمىغاندىن كېيىن، ئاللاھ يەنە ئۇلارغا: «ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 24 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق پۈتۈن رىقابەتچى كۈچلەرگە مەڭگۈلۈك مۇنازىرىسىنى ئېلان قىلغان.

ئەرەبلەر ئادەتتە، رەقىبلىرىگە قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىنمۇ، بەدىئىي سۆزلەر ئارقىلىق ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ يېڭىشنى ئارتۇق كۆرىدىغان بىر خەلق ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھنىڭ يوقىرىقى مۇنازىرىلىرىنىڭ ئالدىدا تىل سۇرەلمىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى قۇرئاندىكى بىرەر سۈرىنىڭ ياكى بىرەر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگەن بولسا ئىدى، تارىخ بۇ ۋەقەلىكنى ئەلۋەتتە بىزگە يەتكۈزگەن بولاتتى. شۇ ۋاقىتلاردىكى

ئۇنىڭدىن ئاددى ۋە كىچىك ۋەقەلىكلەرنىمۇ مۇسۇلمانلار ۋە باشقا قەۋملەر تارىخلارغا قەيت قىلغانلىقتىن، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمەكتە. شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئەرەبلەر قۇرئانغا تاقابىل كېلەلمىگەن ئىدى. تا ھازىرغىچە 14 ئەسىردىن بېرىمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل كېلەلىگەن بىرسى چىقمىدى. ئەرەب مىللىتىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن مۇسۇلمانلاردىن باشقا، يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ئاتېئىزمچىلارمۇ بار. ئۇلار ئەرەب تىلىنىڭ ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇنىڭ بالاغەت، پاساھەتتىكى بەدىئىيلىكىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىلىنىڭ لۇغەت، قامۇسلىرىنى تۈزۈپ چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەب ۋە باشقا قەۋملەردىن بولغان مۇتەخەسسىسلەردۇر. بۇلار قۇرئانغا شۇنچىلىك ئۆچمەنلىكى بىلەن تۇرۇپ، بىرەر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا چىقىرىپ بولسىمۇ قۇرئانغا مۇنازىرە ئېلان قىلالىغىنى يوق. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا گۇۋاھتۇر. ئەگەر مۇنداقلارنىڭ كۈچى يېتىدىغان بولسا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ قۇرئان كەرىم ئېلان قىلغان دۇئىلغا تاقابىل كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىنى چۈشۈرگىسى كەلمەسمۇ؟

2. قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئالاھىدىلىكى

شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى ئىنسانلار ئۈچۈن تونۇشلۇق بولغان ھېچبىر ئۇسلۇبقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ شېئىر ئەمەس، ياكى نەسىر ئەمەس، ياكى داستان ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردا بولمىغان ۋە ئاللاھقا خاس بولغان بىر خىل ئىلاھىي ئۇسلۇبتۇر. شۇڭا مۇشرىك(بۇتپەرەس) ئەرەبلەر دەسلەپتە «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزى» دېگەن دەۋانى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ يوقىرىقى مۇنازىرىلىرى ئالدىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۇنى «سېھىر»، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا «سېھىرگەر» دەپ، دەۋا قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى قۇرئان راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيمىسسالامنىڭ سۆزى بولىدىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەب شائىرلىرى ۋە ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە بەدىئىي تىلى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىسىدىن بەدىئىيلىكرەكىنى ئەلۋەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرالىغان، نەتىجىدە، قۇرئان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭكىسى شۆھرەت قازانغان بولاتتى. ئەرەبلەرنىڭ قۇرئاننى سېھىر دېيىشىدىكى سەۋەبمۇ، قۇرئاننىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلغان بىرەر ئۇسلۇب

بىلەن ئەمەس، بەلكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالاھىدە ئاجايىب بىر ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن ئىدى.

قۇرئاننىڭ يېزىقى ئەرەبلەر ئادەتتە ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسىدىن ـ ا،ب،ت ۋە باشقىلار قاتارلىق ھەرپلەردىن تەركىبلەنگەن بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى مۇشۇ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە زادى نېمە؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدۇر!

سىز بىرەر بەدىئىي ئەسەر ياكى بىرەر شېئىرنى دەسلەپ ئوقۇغىنىڭىزدا، سىزنى ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىرىي كۈچى بىلەن ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تويماي ئوقۇيسىز. ئەمما ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇغانسىرى سىزدىكى ھاياجان يوقىلىدۇ، سىزگە بىرەر يېڭىلىق ھېس قىلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن زېرىكىش پەيدا بولىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئاندا بۇنداق خۇسۇسىيەت يوقتۇر. ئەكسىچە، ئۇنى قانچىلىك قايتىلاپ، تەكرارلاپ ئوقۇغانسىرى ئۇنىڭ جازىبىيىتى شۇنچىلىك ئاشىدۇ. ئەينى سۈرىنى ياكى ئەينى ئايەتنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىڭىزدا ئۇ سىزگە يېڭى ـ يېڭى تۇيغۇلارنى ۋە مەنىلەرنى بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار فاتىھە سۈرىسىنى ۋە باشقا قىسقا سۈرىلەرنى كۈنلۈك بەش ۋاقىت نامازلىرىدا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردە شۇنچىلىك كۆپ ئوقۇيدۇ. ئەمما بۇ سۈرىلەر ئۇلار ئۈچۈن ھەرگىز زېرىكىش پەيدا قىلمايدۇ ۋە ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا ياكى ئاڭلىغىنىدا يېڭى ـ يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارنى بېرىپ ئۇلارنىڭ مەنىۋىي تەرەپلىرىنى كۈچەيتىدۇ.

قۇرئاننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئەرەب تىلىنى بىلگەنلەر ئۈچۈنلا خاس ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئوقۇغانلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ، ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرنى ھېس قىلىدۇ.

3. قۇرئاننىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشى

قۇرئان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلوقلىرىدىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق

ئۆرۈش بولۇپ ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى كۆپ مەمنۇن ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ـ خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: «رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ( مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (رۇم سۈرىسى 2- 5-ئايەتلەر)دېگەنىدى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ.

مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قانچىلىغان سوقۇشلارغا كىرگەندىن تاشقىرى، بارچە سۇيىقەستلىرىنى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى 37 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈشى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: «ئى خالايىق! بىزدىن ئۇزاقلىشىڭلار، ئاللاھ بىزنى بىۋاسىتە قوغدايدۇ» (تىرمىزى رىۋايىتى) دەيدۇ ۋە سۇيىقەستلەردىن ئامان بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار مەككىنى مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشنى تولىمۇ ئارمان قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ: «ئى مۇھەممەد!

سەن ۋە ساھابىلىرىڭ ئاللاھ خالىسا دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ھالدا (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسلەر» (فەتھ سۈرىسى 27 - ئايەت) دەيدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرىدۇ ۋە ئۇنى مۇشرىك كۈچلىرىنىڭ قولىدىن ئازات قىلىدۇ.
ئاللاھ قۇرئاننىڭ تا قىيامەتكىچە ھېچ ئۆزگەرتىلمەستىن ساقلىنىدىغانلىقىنى ئىپلان قىلىپ: «قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز» ( ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت) دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قۇرئان 14 ئەسىردىن بېرى ھېچ ئۆزگەرتىلمەستىن، ئەسلىدىكى پېتىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە ۋە تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلغۇچىدۇ. زامانىمىزغىچە قۇرئاننى نەشىر قىلىپ كەلگەنلەر مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى غەيرى دىندىكىلەرمۇ ئۇنى نەشىر قىلماقتا. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ مىقدارى ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەنلىكى ۋە ئىستانبۇل توپقاپى مۇزېيىدا، ئۆزبېكىستان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا ئائىت ئىككى نۇسخىنىڭ زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نەشىر قىلىنىپ تارقىلىۋاتقان قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ئەينىسى ئىكەنلىكىمۇ قۇرئاننىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. مۇندىن باشقىمۇ، قۇرئان ئالدىنئالا خەۋەر بېرىپ، ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشقان ۋەقەلىكلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ھازىرقى ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرىدىنمۇ قۇرئاننىڭ خەۋەرلىرىنى ئىسپاتلىغانلىرى كۆپتۇر. پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسىرى قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ نەزەرىدە بىردەك رېئاللىقتا ئايلانماقتا.

4. قۇرئاننىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ - ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يوقىرىقىلارنىڭ

قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئەللامىلىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.
مۇشرىك ئەرەبلەر قۇرئانغا ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرە بىلەن تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، نەيزە، قىلىچلارغا يۈلىنىپ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆتتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنچىۋالا قارشىلىق كۆرسىتىشىدىكى سەۋەبمۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسالامدەك يېتىملىقتا ئۆسكەن، ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، بايلىقتا، مەنسەپتە ئۇلاردەك ئۈستۈنلۈكنى تەلەپ قىلمايدىغان بىر مەسۇم پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى پاش قىلىپ: «ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى» (نەمل سۈرىسى 14 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئارتۇقچىلىقى**

ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا مەۋجۇت بولالايتتى. ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن مۆجىزىلىرىمۇ ئۈزۈلگەن بولاتتى. مەسىلەن: ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچقان، ئاق كېسەلنى داۋالىغان، ھەتتا ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرگەنىدى. ھازىرقى خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى قىلالامدۇ؟ تەبىئىيكى، ياق!
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھاسىسىنى ئەجدىرھاغا ئايلاندۇرغانىدى. ھازىرقى يەھۇدىيلار شۇنى قىلالامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق! ئەگەر بىرەر يەھۇدىي ياكى بىرەر خىرىستىئان ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ

مۆجىزىلىرىدىن بىرەرنى مەيدانغا چىقىرالىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا سىغمىغان بولاتتى.
ئەمما قۇرئاننى ئۆگەنگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۇنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت قىلغاندەك تىلاۋەت قىلالايدۇ، ئالىم بولغانلىرى ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە رەقىبلەرنى يېڭەلەيدۇ.
قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن بولۇپ، شۇ زامانلاردا مۇشرىك ئەرەبلەرگە جىددىي تۈردە مۇنازىرە ئېلان قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن بولسا، ھازىرمۇ 14 ئەسىردىن بىرى ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى مۇنازىرىسىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە ئۇنىڭ مۇنازىرىسىگە تاقابىل كېلەلىگەن بىرمۇ كىشى يوق. ئەگەر بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبلىرى بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ ھەرگىزمۇ جىم ياتمىغان بولاتتى ، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى ئېلان قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەنلىكلىرىگە تەسەللى تاپقان بولاتتى. ئەمما قىلالمىدى ۋە تا قىيامەتكىچە قىلالمايدۇ.
قۇرئان مۆجىزە بولغىنىنىڭ سىرتىدا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دەستۇردۇر. ئۇ تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىنىدىغان بىر كىتابتۇر. ئەمما تەۋرات بىلەن ئىنجىللار مۆجىزە بولمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئۆز ۋاقىتلىرىدا مۇرىتلار ئۈچۈن تەلىمات سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىنلا ئۆزگەرتىلىپ ئەپسانىلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەزكۇر كىتابلار ئەينى زامانلاردىمۇ تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ۋە يادلىنىۋېلىنىدىغان كىتابلار ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇلارنىڭ ئەسلىسى ساقلىنىپ قېلىنمىغان.
قۇرئان مەنىۋى مۆجىزىدۇر. ئەمما باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسى مۆجىزىلەر ئىدى.
قۇرئان جانلىق ۋە دائىملىق مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭ مۆجىزىسى تاقىيامەتكىچە ئۆلمەيدۇ. ئەمما باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۆز زامانلىرىدىلا ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخقا ئايلانغان.
قۇرئان ئوقۇش ۋە يادلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇڭاي كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنى تولۇق يادلىۋالغان قارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن زامانىمىزغىچە ھېچ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قۇرئاننى يادلىغان قارىلار تولىمۇ كۆپ ئىدى. دىندىن يېنىۋالغان كىچىك بىر ئەرەب

قەبىلىسى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق كىچىك كۆلەملىك بىر غازاتتا 70 قارىنىڭ شېھىد بولغانلىقىمۇ، شۇ ۋاقىتتا قۇرئاننى يادلىغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ قۇرئان ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاش دېگەن نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي ھالدا، خۇددى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى بويىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەمما باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى تولىمۇ چوڭ ھەجىملىك بولغانلىقتىن يادلاشقا مۇناسىپ كىتابلار ئەمەس ئىدى. يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن بۇ كىتابلارنى شۇ زامانلاردىكى كىشىلەردىن ئوقۇيالايدىغانلىرى ناھايىتى نادىر بولۇپ، ئوقۇيالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى مۇرىتلاردىن باشقىسى چۈشىنەلمەيتتى. قۇرئاندىن باشقا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنى يادقا ئالغان ئادەم تارىختا يوقتۇر.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقىمۇ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى بولغان. بۇلاردىن بەزىسىنى ئىخچام ھالدا بايان قىلىشنى خالايمىز.

**ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېسسىي مۆجىلىرى**

1. ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

مۇشرىك ئەرەبلەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئەگەر سەن راستىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغان بولساڭ، بىزنىڭ تەلەبلىرىمىزنى ئورۇنلايسەن. ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ بېرەلىسەڭ، ساڭا بىز ئەگىشىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسىتىپ بېرىشنى سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقەلىكنى ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە باشقىلار قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكىنى سۆزلىگەن. ئىمام بۇخارىمۇ «سەھىھۇلبۇخارىي» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بۇ ۋەقەلىكنىڭ راستلىقىنى تۆرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلاپ بايان قىلغان. ئاللاھ قۇرئاندا ئۇنىڭ راستلىقىنى ئېلان قىلىپ: «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (كۇففارلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ "داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر"دېيىشىدۇ» (قەمەر سۈرىسى 1 ـ ئايەت) دېگەن.

2. ئىسرا ۋە مىراج

ئاللاھ قۇدرىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر كېچىدىلا مەككىدىكى مەسجىد ھەرەمدىن پەلەستىندىكى مەسجىد ئەقساغا ئاپارغان. بۇ «ئىسرا ــ كېچىدە يۈرۈش» دەپ ئاتالغان. يەنە شۇ كېچىدە، ئاللاھ ئۇنى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئېلىپ چىققان ۋە شۇ جايدا ئۇنىڭغا ھەم ئۇممەتلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. مانابۇ، «مىراج ــ ئۆرلەش» دېيىلىدۇ. بەش ۋاخ نامازنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ مىراجى» دەپ ئاتالغانلىقىمۇ، ئۇنىڭ يەتتىنچى ئاسماندا پەرز قىلىنغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى.
ئاللاھ قۇرئاندا ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسىنىڭ راستلىقىنى ئېلان قىلىپ: «بىر كېچىدە، ئۇنىڭغا قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ، بەندىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسجىد ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (ئىسرا سۈرىسى 1- ئايەت)، «ئۇنىڭ (يەنى جىبرائىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يوقىرى ئۇپۇقتا تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا - ئاستا(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن يېقىنراق يېقىنلاشتى. ئاللاھ بەندىسىگە (جىبرائىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى( يەنى راست كۆردى)» (نەجم سۈرىسى 6 - 11 - ئايەتلەر) دېگەن.
3. بوران ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقى
مۇسۇلمانلار مەدىنىنى مۇشرىكلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزلىرى كولىغان خەندەكنىڭ بىر تەرىپىدە، مۇشرىكلار قارشى تەرىپىدە تۇراتتى. توساتتىن قاتتىق بوران كېلىشى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ چېدىرلىرى، سۇلىرى، ئات - ئولاقلىرى ئەجەللىك ۋەيرانلىققا يۈز تۇتتى. مۇشرىكلارنىڭ كۆپىنچىسى نامەلۇم قوشۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مەككىدىن كېلىپ، مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى كۆنلەرچە قورشاپ ياتقان مۇشرىكلار ئېغىر قولدىن بېرىشكە ئۇچراپ ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ئارانلا قۇتۇلدۇرغان ھالدا، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا، ئاللاھنىڭ ياردىمى

بىلەن غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا(كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن(پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى 9 ـ ئايەت)

4. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەت ئەسناسىدا پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم قىلغانلىقى

مەككە مۇشرىكلىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كىرىدۇ. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سادىق ھەمراھى ئەبۇ بەكرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مۇشرىكلار بۇ ۋاقىتتا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلۈك ياكى تىرىك تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن كىشىگە 100 تۆگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سەھرا يولباشچىلىرى ئارقىدىن قوغلاپ كېلىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاللىقاچان مەككىدىكى ھىرا غارىغا ماكۇنلۇشۇپ تۈلغان ئىدى. ئۇلار غاردا ئۈچ كۈن تۇغاندىن كېيىن غاردىن چىقىپ يولىغا داۋام قىلغىنىدا، ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان مەشھۇر سەھرا يولباشچىسى سۇراقە ئىبنى مالىك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىشى بىلەن تەڭ ئېتىنىڭ ئىككى پۇتى قۇرسىقىغىچىلىك قۇمغا پېتىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سۇراقە چارىسىزلىقتىن ئاتتىن چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ۋەقەلىككە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار(ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغانىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (ئەبۇ بەكرى) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. ( رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: ''غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە''دەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا( پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ

سۆزىنى (شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى (ئىمان كەلىمىسى) ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت)

5. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك باشچىلىقىدىكى بىر توپ ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ناماز ئەسرىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالغانىدى. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ يوق، پەقەت بىر قاچىدىلا ئازراق سۇ قالغان ئىكەن. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا قولىنى سېلىپ تۇرۇپ، باشقا ساھابىلارنىمۇ ”كېلىڭلار، تاھارەت ئېلىڭلار“ دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن بولاقتەك سۇلار چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىز تاھارەت ئالدۇق. سانىمىز 300دىن كۆپرەك كىشى ئىدى.» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى) مۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىدا ۋە سەپەرلىرىدىمۇ ئەينى مۆجىزىنىڭ بىر قانچە قېتىم كۆرۈلگەنلىكىنى بايان قىلغان ھەدىسلار كۆپتۇر.

6. ئازغىنە تاماقنىڭ كۆپ كىشىنى تويغۇزغانلىقى

مەدىنىدە خەندەك كولاشقا قاتناشقان بىر توپ ساھابىلارنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەك كولاۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەممىمىزنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتتى. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قىسىم ساھابىلارنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قوي سويىغان ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك مەيدانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىردى. سانىمىز 1000دىن ئارتۇق ئىدى. ئاز ـ ئازدىن كىرىپ جابىرنىڭ ئۆيىدە غىزالاندۇق. ئاللاھ گۆش بىلەن نانغا شۇنداق بەرىكەت ئاتا قىلغانكى، ھەممىمىز تويۇپ قايتتۇق» (بۇخارىي رىۋايىتى). بۇ مۆجىزىنىڭ ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە بىر قانچە قېتىم قايتىلانغانلىقىغا دائىر ھەدىسلار كۆپتۇر.

7. ياغاچنىڭ يىغلىغانلىقى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدى خورما ياغاچلىرى بىلەن تۈرغۈزۈلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەمىشە بىر

تۆۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئۇقۇيتتى. كېيىنچە مەسچىتكە يېڭىدىن مۇنبەر ياسىلىپ، ئۇ بۇ تۆۋرۈككە يۆلىنىپ خۇتبە ئوقۇمايدىغان بولغاندى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ھېلىقى تۆۋرۈك خۇددى كىچىك بالىدەك ئۈن چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى. مەسجىد ئەھلى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلارمۇ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ مۇبارەك قوللىرىنى مەزكۇر تۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قويىۋىدى ئۇنىڭ يىغىسى توختاپلا قالدى. (بۇخارىي، تىرمىزى رىۋايىتى)

8. قەتادەنىڭ كۆزىنىڭ شىپا تاپقانلىقى

قەتادە ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ ئوھۇد غازىتىدا بىر كۆزى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەن كۆزىنى مۇبارەك قولى بىلەن ئورنىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ''چىقىپ كەتكەن بۇ كۆزۈم يەنە بىر ساق كۆزۈمدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولدى'' دېگەنلىكى كۆپلىگەن مەشھۇر ساھابىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقىرىقى مۆجىزىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۇنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلىدۇر.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى مەيلى مۇسۇلمانلاردىن بولسۇن، مەيلى مۇشرىك ئەرەبلەردىن بولسۇن ھېچكىم ئىنكار قىلالىغان ئەمەس. ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا بىرەر كىشى بۇ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغان بولسا ئىدى، تارىخ ئەلۋەتتە ئۇنى قەيت قىلغان بولاتتى.

مۆجىزە - بىز يوقىرىدا ئېيتقاندەك - پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ دەۋاسىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ ئاتا قىلغان بىردىنبىر پاكىت ۋە دەلىل - ئىسپات بولغىنىدەك، ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى كەلگەن ھەر بىر پەيغەمبەر ئاللاھ ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىنى كىشىلەرگە نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلگەنلىكىمۇ بىر ھەقىقەتتۇر.

ئەمما ئىسلام تارىخلىرىدا، ئۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىق ۋاقتىدىن بېرى «راستچىل مۇھەممەد» ۋە «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دېگەن شۆھرەتلەرگە ئىگە بولغان، ھاياتىدا بىرەر

قېتىممۇ يالغان سۆزلىگەنلىكى كۆرۈلمىگەن ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتا ئالاھىدە ئۈلگە ياراتقان بىر مەسۇم زات ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر مۆجىزە كۈتمەستىن ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلىكى قەيت قىلىنغان. چۈنكى 40 ياشقا كەلگىچىلىك يالغان سۆز قىلىپ باقمىغان ۋە راستچىللىقتا شۆھرەت قازانغان بىر ئادەمنىڭ بىر كۈندىلا يالغان سۆزلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە يالغانچى بولۇپ قېلىشى ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق!
مەسىلەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باللىق ۋاقتىدىن بىرى ياخشى بىلەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ راستچىل، توغرا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ماڭا ئاللاھتىن ۋەھيى كەلدى. مەن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئەرلەردىن ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقان بىرىنچى كىشى بولۇپ، تارىختىن ئورۇن ئالغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ۋەھيىنىڭ باشلىنىشىدا قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا «مەن قورقۇپ كەتتىم، مېنى يۆرگەپ قويۇڭ» دېگەن سۆزىگە جاۋاب بېرىپ: «سىز ياخشى ئادەمسىز ـ ئاجىزلارغا ياردەم قىلىسىز، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايسىز. ئاللاھ سىزنى ھەرگىز خورلىمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېيتىش ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى شەخس بولغانلىق سۈپىتى بىلەن تارىخقا قەيت قىلىنىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىكىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ـ راستچىللىقىنى، ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلا - ئاڭلىماس دەرھال ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئۈچىنچىسى، ياشلاردىن بىرىنچى بولۇپ تارىخقا كىرىدۇ.
نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈچ كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان؟ تەبىئىيكى، ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن

ئەھۋاللىرىنى ئەڭ تولۇق بىلىدىغان ئەڭ ئاۋۋالقى كىشىسى مەئىشەتتە ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولغان ئايالى، ئاندىن قولىدا چوڭ بولغان بالىلىرى ۋە ھەمسۆھبەت بولغان يېقىن دوستلىرى ئىكەنلىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر رېئاللىق بولغان يەردە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۇنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تولۇق بىلىدىغان كىشىلىرى ئۇنىڭ ئايالى، بېقىۋالغان بالىسى ۋە ئەڭ قەدىناس دوستى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇلار ئۇنىڭ راستچىللىقىدىن شۈبھىلەنگەن بولسا، ھەرگىزمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ بۇ يېڭى دىنىنى قوللىمىغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە.
ئۇممانىنىڭ پادىشاھىغا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يېڭى دىنىنىڭ دەۋىتى يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە دەۋەت قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى ئاڭلاپ "ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ پەيغەمبەر كىشىلەرنى بىرەر ياخشىلىققا بۇيرىماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى قىلىدۇ، ئۇلارنى بىرەر ئىشتىن مەنئى قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ئۆزى قول ئۈزىدۇ. بۇ خىسلەتنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ" دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ.
ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئەسلى يەھۇدىي) مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايقىماقچى بولۇپ، ئۆيىگە كىردىم. دەسلەپ ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىگە قاراپلا بۇ يۈزنىڭ يالغانچىنىڭ يۈزى ئەمەسلىكىنى ھامان بايقىغانىدىم."
ئەلۋەتتە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىماسى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە مۆجىزىسىز دالالەت قىلىپ تۇراتتى. ھەقىقەتنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىغانلار ئۇنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە خۇسۇسەن ئۇنىڭ راستچىللىقتا تونۇلغان شۆھرىتىگە كۇپايە قىلىپ، مۆجىزە بىلەن ھېسابلاشماستىن ئىمان ئېيتقان. چۈنكى، ھەقىقەتنى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ھەممىگە بىردەك ئايان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي ئەگەشمەسلىك مەۋقەئەسىدە چىڭ تۇرغان بىر قىسىم مۇتەكەببىر ئەرەبلەر ئۇنى

مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن مۆجىزە كۆرسىتىشىنى سورىغان. ئۇلار سورىغان مۆجىزىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئورۇنلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ روشەن ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇرۇن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «مەجنۇن»، «سېھىرگەر»، قۇرئانغا بولسا «سېھىر» دېگەن تۆھمەتلەرنى توقۇپ كەلگەن بۇ ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى چىن قەلبلىرىدىن ئېتىراپ قىلىپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. كېيىنچە بۇلار بۇ دىننى باشقا ئەللەرگىمۇ تارقىتىش ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا تاللانغان ئۆلگىلىك ئەزىمەتلەردىن بولۇپ، تارىختىن ئورۇن ئالىدۇ.

ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغاندەك، ئىسلام دىنىنىڭمۇ دۈشمەنلىرى ئاز بولمىغان. ھەتتا ئۇلار بۇ يېڭى دىننى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ قويۇش ئۈچۈن بارچە چارىلىرىنى ۋە ھىلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سالغان. ئەمما ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھەق دىنىنى قوغداش ۋە تا قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، بۇ دىن ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەسلىدىكى ھالى بويىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە ۋە داۋام قىلىدۇ! چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى(ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر. مۇشرىكلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى» (سەف سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر)

دېمەك، ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ لەھەبلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن نېسىۋىسى بولمىغانلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىسلامنىڭ شارابىتىدىن مەھرۇم قالغان. چۈنكى كور ئادەم قۇياشنىڭ نۇرىنى كۆرەلمىگەندەك، ئەقلىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرىۋالغان، دىلى كور ئادەممۇ ھەقىقەتنىڭ سادالىرىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرسىمۇ ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا بۇنداقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ: «ھەقىقەتەن كۆزلەر كور

بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ(يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلىقى ئەمەس، بەلكى دىلنىڭ كورلىقىدۇر. كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ)» (ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت) دەيدۇ.

ھەقىقەتنى ئىزدىمەكچى بولغانلار ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا مۆجىزە كۈتمەستىن ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سىيپىنى كۆپەيتىدىغانلىقى ئېنىق بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغانىنىڭ سىرتىدا، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ ئۆلمەس مۆجىزىنى بەرگەن. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدە ئەڭ مۆتىۋەر مۆجىزە ـ قۇرئاندۇر!

# تەپەككۇرنىڭ قىممىتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ئۇ، ئەقىلغا خىتاب قىلىدىغان، ئەقىلنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغان ۋە ئەقىلنىڭ مەنتىقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئىلمىي دىندۇر.
ئىمان توغرا تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئوقۇش ۋە بىلىشنى پەرز قىلغان بولسا، خۇددى ئۇستاز ئاققاد دېگەندەك:«تەپەككۇر قىلىش ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرىدۇر».
قۇرئاننىڭ كائىناتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟» (ئەئراف سۈرىسى 185 ـ ئايەت).
ئىسلام دىنى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ شەنىنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلغان. «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ» (زۇمەر سۈرىسى9ـ ئايەت).
«ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!» (ھەشر سۈرىسى 2ـ ئايەت).
مۇندىن باشقىمۇ، قۇرئاندا «ئەقىل ئىگىلىرى» دېگەن سۆز 15 قېتىم تەكرارلانغان.
ئىسلام دىنى كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشكە ۋە ئاسمان، زېمىنلەردىكى شەيئىيلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا شۇنچىلىك كۆپ چاقىرىدۇ؟ تەبىئىيكى، ئەقىل تەپەككۇر قىلىش قورالى. تەپەككۇر قىلىش ئىنسانغا خاس بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئاسمان ۋە زېمىنلەردىكى بارلىق شەيئىيلەر ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرى ياكى ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلار ھەققىدە توغرا تەپەككۇر قىلغان كىشى چوقۇم رەببىنى تونۇيدۇ. ئەقلىي كۆزى ئوچۇق بولغانلار ئۈچۈن كائىناتتىكى ھەر بىر مەخلۇقات ۋە ھەربىر ئالامەت نۇرغۇنلىغان سىرلارغا ئاچقۇچ ۋە ھېكمەتلەرگە ھامىلداردۇر. شۇڭا پەيلاسوپلاردىن بىرى ”كائىنات لاتاپەتلىك بىر كىتاب، شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن تاۋار“ دېگەن ئىكەن. زامانىمىزغىچە كەلگەن تۈرلۈك كەشپىياتلار ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىمۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

مەلۇمكى، قۇرئان بىرەر پەن ـ تېخنىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلات ۋە كىشىلىك ھەم ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بەختلىك ۋە ئامانلىق ئىچىدە داۋام قىلىشىغا كېپىللىك قىلىدىغان نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىلاھىي دەستۇردۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنسانلارغا مەلۇم مەۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئان بىزگە ساغلام پىكىر يۈرگۈزۈپ توغرا نەتىجە چىقىرىشنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئىنسانلارنى ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىپ تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئېچىش ۋە ئىجادىي يېڭىلىقلارنى يارىتىش ئۈچۈن تەييارلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن سۆزلىگەنلىرىنىڭ زامانىمىزدا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ئۇخشاش چىققانلىقىمۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولغانىنىڭ سىرتىدا، يوقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىگە يات نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە بىلىم ـ سەۋىيىسى پەرقلىق بولغانلىقتىن، گاھىدا ئۇلارنىڭ دىنىي نەزەرىيەدىن چۈشەنگەنلىرى بىلەن، ئىلمىي نەزەرىيەدىن چۈشەنگەنلىرى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق كۆرۈنۈشى ئېھتىمال. بۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىك ياكى خاتالىق ئىسلام دىنىدا ئەمەس، ئىلمىي ھەقىقەتلەردىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ دەل ئۆزىدە!

توغرا دىنىي نەزەرىيە بىلەن، توغرا ئىلمىي نەزەرىيە ھېچ ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تامامەن مۇۋاپىقلىشىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بىز دىنىمىزغا ئەمەل قىلمىدۇق. قۇرئانغا ۋاپا قىلمىدۇق. بىز تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنى ئۆز خاھىشىمىز بويىچە چۈشەندۇق ۋە چۈشەندۈردۇق. ئاللاھ تائالا بىزگە كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىيلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ تەپەككۇر قىلسۇن، ئەقىل ئىشلەتسۇن، نەتىجىدە رەببىنى تونۇسۇن، ئاندىن شۇ ئەقىل ۋە پاراسەتلەر بىلەن بۇدۇنيالىقنى تۈرلۈك ئىلىم ـ پەنلەرنى يارىتىش ۋە كەشپىياتلارنى ئېچىش ئارقىلىق بېيىتسۇن، ئاخىرەتلىكىنىمۇ مۇشۇ دۇنيادا تولۇقلاپ ئاللاھ تائالانىڭ

دەرگاھىغا بارغاندا نىجاتلىققا ئېرىشسۇن، دەپ ئاتا قىلغان ئەقلىنى يولىدا قوللانمىدۇق.
بىز قۇرئاننىڭ چاقىرىقىغا ئەگىشىپ كائىنات ئىلىملىرى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىشنىڭ ئورنىغا، بىزگە ياكى كېلەچەك ئەۋلادلاغا قىلچە پايدىسى بولمايدىغان قۇرۇق دىنىي جېدەللەرگە چۆكۈپ كەتتۇق ـ پەلسەپە ئىلمىنى جايىدا ئىشلەتمەستىن، «ئىلمى كالام» نامى ئاستىدا ئاللاھ تائالاغا ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى بەلگىلەيمىز، دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولدۇق، ئۆمرىمىزنى، ئەقلىمىزنى زايا قىلدۇق. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان ۋە شۇلارغا ئېتىقاد قىلىش بۇيرۇلغان. ئەمما ئاللاھ تائالاغا لايىق كەلمەيدىغان «سەلبىي سۈپەتلەر» ۋە «ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئوخشامدۇ؟» ... ۋاھاكازالار بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىلىملەرمۇ؟ قۇرئاندا «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر» دەيدۇ. مۇندىن باشقىمۇ، قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇلار بىزگە كۇپايە ئەمەسمىدى؟ بۇرۇنقى مەدرەسە تالىبلىرى مەنتىق (لوگىكا) بىلەن ئىلمى كالام جېدەللىرنى 15 - 20 يىل ئوقۇيدىكەنمىش، ئۆمرى، ياشلىقى بۇ جېدەللەر بىلەن بىھۇدە ئۆتىدىكەنمىش. ئۇلار ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن نېمە قالدۇرالىدى؟ ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوغداپ كەلدىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى پەلسەپە سايىسىدا قوغدىنىشقا مۇھتاجمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى ۋەھشى ئەرەبلەرنى ھېچبىر پەلسەپىگە ھاجەت بولماستىن قايىل قىلالىغان قۇرئان قانداقمۇ كېيىنكى ئەسىرلەردە پەلسەپە دەلىللىرىگە ھاجەت بولۇپ قالسۇن؟! روشەنكى، ئىسلام دىنىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى تا قىيامەتكىچە قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. بۇ دىن يەرشارىدىن قەتئىي يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنىغا ئايلىنىدۇ. زامانىمىزدىكى ھەرساھە ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بەس ـ بەستە بۇ دىنغا كىرىۋاتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىكىنىڭ بېشارىتىدۇر.
يەنە بىز فىقھىي مەسىلىلەردە چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، مەزھەبىي كۆز قاراشلارغا شۇ مەزھەبنىڭ چۈشەنچىسى، دەپ مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى دىن مۇشۇ، باشقىلارنىڭ دېگەنلىرى دىن ئەمەس، دەپ مۇئامىلە قىلغانلىقتىن مەزھەبلەر ئارا زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەزھەبلەرنىڭ كۆپ بولۇشى يامان كۆرىلىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى كىشىلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس

دەلىللىرىنى چۈشىنىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى مەزھەبلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. مەزھەب پېشىۋالىرى توغرا يوسۇندا ئىش ئېلىپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ دەلىللىرىدىن چۈشەنگەنلىرىنى ”بۇ بىزنىڭ چۈشەنچىمىز يەنى بىزنىڭ مەزھىبىمىز، توغرا بولغان بولسا ئاللاھتىن، ئەگەر خاتالاشقان بولساق بىزدىن“، دەپ كەمتەرلىك بىلەن كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكى مەزھەب ۋارىسلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەزھەبلەر ئارا بىر ـ بىرىگە قارشى كىتابلار يېزىشىش، بىر ـ بىرىنى ئېيبلاش، بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇماسلىق ۋە ئۆز مەزھىبىدىن باشقىسىنى خاتا دېيىش، ھەتتا مۇسۇلمانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە باشقا تەئەسسۇبلۇقلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆمۈرلىرىنى، ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن. مەدرىسىگە كىرگەن 100 تالىبنىڭ بېرەرسى ئاران ئالىم بولالىغان، باشقىلىرى بولسا بىر ئۆمۈر مەدرىسىنىڭ تويپىسىنى يېگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، ئىچى قۇرۇق مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن.

بىزنىڭ كېيىنكى جېدەللىرىمىز ئامىننى ئىچىمىزدە دېيىش لازىممۇ ياكى ئۈنلۈك دېيىشمۇ؟ ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ۋە ....... دېگەن تالاش ـ تارتىشلار، ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت، ئۇلارنىڭ ئىشلىشى ھارام، مەسچىتلەرگە بېرىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىشى ھارام. ئەرلەرنىڭ چاچ قويۇشى ھارام ۋە ....ھارام، ھارام، ھارام! خۇددى بىز ھالاللارنى ئۆگىنىمەستىن، پەقەت ھاراملارنىلا ئۆگىنىدىغاندەك.

بىز يوقىرىقىدەك، بىھۇدە جېدەللەر ۋە تالاش ـ تارتىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، كارۋاننىڭ ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمايلا قالدۇق. ئەمدىلىكتە، بېشىمىزنى كۆتىرىپ قارىغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ نەدە قالغانلىقىنى كۆردۇق. كارۋان ئالللىبۇرۇن بىزدىن ئىلگىرىلەپ كەتكەن، كىشىلەر ئايغا چىققانغا يېرىم ئەسىر بولۇپتۇ، دۇنيادا كۆپلىگەن دۆلەتلەر تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا ۋە كەشپىياتلارنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئالەملىك ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولۇپتۇ. بىز بولساق، قۇرئاننىڭ ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ۋە كەشىپ قىلىشقا چاقىرغان ئەمرلىرىگە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر نەرسە ئۈستىدە تەسەۋۋۇر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە يارىتىش ئەنئەنىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان، مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزغا خىيانەت قىلغان ھالدا، خۇددى ئاتتىن چۈشكەندەكلا ئۇچىنچى ئالەم بولۇپ قاپتىمىز. بىز بۇ ھالدا يا دۇنيالىقىمىزنى ياكى

ئاخىرەتلىكىمىزنى شاقاۋەتلەردىن قۇتۇلدۇرالمىدۇق. چۈنكى، بىزدە مۇسۇلمانلىق ئۇنۋانىلا قاپتۇ، ئۇنىڭ روھىنى ۋە مەزمۇنىنى باشقىلار ئەمەلىيلەشتۈرۈۋېتىپتۇ.
بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزمۇ خۇراپاتلار ئارىلاشقان، چەكلىك ئىبادەت سىستېمىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، قۇرئاندىكى كائىناتنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەقىل كۆزى بىلەن نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىشقا، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بۇ ئەقىل بىلەن يەر يۈزىنى ھەرخىل ئىلىم ـ پەنلەر ئارقىلىق ئاۋات قىلىشقا چاقىرغان ئايەتلەر سان ـ ساناقسىز كۆپ بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈشمۇ ئەڭ ئېتىبارلىق ئىبادەت ۋە ئىسلام پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر.
بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزغا خىيانەت قىلدۇق، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى سۇيئىستېمال قىلدۇق. نەتىجىدە، باشقىلار بىزنى باشقۇرىدىغان، بايلىقلىرىمىزنى خالىغىنىچە تالان ـ تاراج قىلىدىغان بولدى. ئاللاھ تائالا يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى پەقەت ئىسلام دۇنياسىغىلا ئاتا قىلغان ئىكەن. قارىمامسىز! ئىسلام دۆلەتلىرى پەقەت نېفىتنىلا ئامېرىكىلىقلار ۋە ياۋرۇپالىقلاردىن مەنئى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھاياتى توختىغان بولىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق قرالى فەيسەلنىڭ ۋاقتىدا، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ چەتئەللەرگە نېفىت سېتىشنى بىرقانچە كۈنلا توختىتىشى بىلەن ياۋرۇپادا بىر تۇڭ خام نېفىتنىڭ باھاسى 45 ئامېرىكا دوللىرىگە ئۆرلەپ كەتكەن ئىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى قورچاق ھاكىممۇتلەقلەرنىڭ خۇنۇكلىقىدىن، ياۋۇز دۈشمەنلەر مەرھۇم فەيسەلنى ئاخىرى سۇيقەست بىلەن شېھىد قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ نېفىتلىرىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتىگە قايتا ئېرىشكەن ئىكەن
ئاللاھ تائالا مۇسۇلمالارنى يەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىپ بۇ بايلىقلاردىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى پايدىلانسۇن ۋە رەقىبلىرى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىسۇن، دېگەن شەپقىتى بىلەن بارلىق نەپىس بايلىقلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىغا بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇ بايلىقلارنى باشقىلار ئۈچۈن ياراتقان بولسا ئۇلارنىڭ ئۆز دىيارلىرىدا يارىتىپ بېرىشكە قادىر ئەمەسمىدى؟
ئەمدى قولىمىزدىكى تەييار ناننى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن كىمدىن ئاغرىنىمىز؟ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىزنى تاشلىۋېتىدۇ؟ ئاللاھ قۇرئاندا مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىمەن دېگەن ئەمەسمۇ؟ دەپ ئاللاھتىن قېيىداشقا ھەققىمىز بارمۇ؟

كەمچىلىك كىمدە؟ ئەلۋەتتە بىزدە! توغرا، ئاللاھ تائالا قۇرئاندا بىزگە ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. بىراق ئاللاھ پۈتۈن ۋەدىلىرىدە «مۆمىن» لىكنى شەرت قىلغان يەنى ۋەدىلىرىنى ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن خاس قىلغان. «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى (دىنىنىڭ روھىغا لايىق) ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئۇبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىن ياخشىراق ساۋاپ بېرىمىز.» (نەھل سۈرىسى97-)

«مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى» (رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت)

«ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ.» (ھەج سۈرىسى 38 ـ ئايەت)

«مۇسۇلمان» سۆزى بىلەن «مۆمىن» سۆزى ئوتتۇرىسىدا ئومۇم ۋە خۇسۇسلۇق پەرق بار. ھەرقانداق مۇسۇلمان مۆمىن دېيىلمەيدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۆمىن مۇسۇلمان دېيىلىدۇ. مۆمىنلىك مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ھەر قانداق مۇسۇلمانىنىڭ يەتمەكچى بولغان ئالىي مەقامىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە كېيىنكى ئالتۇن دەۋرلەردە ئۆتكەن كىشىلەر ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ئۆلگىلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھاكىمىيىتىنى ئۈچ قىتئەدە سۈرەلىگەن، بىزمۇ قاچانىكى شۇلارغا ئوخشاش ھەقىقىي مەنىدىكى مۆمىنلەردىن بولالىساق، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرەتلىرى بىزنى قورشايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغىمۇ شۇنداق ياردەم قىلغان ۋە نۇسرەت بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر بىز نەدە، ئۇلار نەدە!

# ئىلىم ئىمانغا باشلايدۇ

ئىلىم ـ پەن دىنغا دۈشمەن ئەمەس، ئۇنىڭغا زىتمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ پەن كىشىنى ئىمانغا باشلايدىغان بىر يولباشچىدۇر. ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بۇ سىرلىق كائىناتنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ھىمايە قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە، پۇختا يارىتىلغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىلىم ھەر قاچان ئاللاھقا باشلىماي قالمايدۇ. دىنسىزلىق ئېتىقادى بىلەن تەبىئەت، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا ئىلىم پەن ساھەلىرىگە قەدەم قويۇپ، بۇ ئىلىم ـ پەنلەر سايىسىدا ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىلمىي يوسۇندا يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە بۇدەلىللىرى ئارقىلىق ئىلىم ـ پەندىن يۈزەكى مەلۇماتلىق بولۇپ، ئىلىمنى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك رەددىيەلەرنى بېرىپ كەلگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

تەبىئىي پەندە ئۆزلىرىنى ئالىم ساناپ مەغرۇرلانغۇچى ئاتېئىزمچىلار ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقلىيىتى بىلەن ياشىغۇچىلاردۇر. ئۇلار زامانىمىزدىكى ئىلىم ـ پەننىڭ قانچىلىك زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە ھەر بىر قەدەمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش تەرزى باشقىلار سىزىپ بەرگەن چەكلىك نەزەرىيە دائىرىسىدە مەھبۇس بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ شۇ ئەندىزە ئىچىدە مەھبۇستۇر. مۇنداق مەغرۇرلار ھەرساھە تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا قۇلاق سالسا بولىدۇ.

بۈيۈك ئالىم ھۇشېل مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە

ئالىملىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلىقىنىڭ مۇنبىرىدۇر».
ھېربېرت سپېنسېر «تەربىيە» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىننىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۈكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن ئۇزاقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىيلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش)ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبدات يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنساننى ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!».
ھېربېرت يوقىرىقى سۆزلىرىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھېدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ  خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يوقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكنى

كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىيلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

ئاتاغلىق ئالىم دىۋېي مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن ئەقىللىق ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغانلىقىنى خىيال قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى توسقۇن ئاللاھنى كۆرەلمەسلىك ئىدى. ئەمما ئۆزىنى ھەقىقەتنى ئىزدەشكە بولغان قىزىقارلىق ئىچىدە كۆرىدىغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانداق شەكىلدىكى زات ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مەقسەت ئەمەستۇر. ئۆزىگە شۇنداق تەلەپ قويىدىغانلار توكنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسۇن. ھەر ئىككىسىدە تەسەۋۋۇر ناقىس ۋە خاتادۇر. چۈنكى توك ئۆزىنىڭ ماددىي تۈزۈلىشى، شەكلى، سىماسى، كەيپىيىتى تەسەۋۋۇرنى قوبۇل قىلمايدىغان نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ئۆزىنى ئىسپاتلاشتا ئۇنى تىكلەش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تۈۋرۈكتىنمۇ كۈچلۈك دەلىلدۇر».

مۇندىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا كەلتۈرگەن ئىلمىي دەلىللىرى كۆپتۇر.

## ئىمان

ئىماننىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

ئىمان ـ ئاللاھ تائالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ، چۈشۈرگەن كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىگە، ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

بۇ ئىماننى نامايان قىلىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان نەرسە ئەمەلدۇر.

ئەمەلنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر

1. قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنى ياد ئېتىش، گۇناھلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش، ئۇنىڭغا يۆلىنىش، رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراپ دۇئا قىلىش، غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش ۋە باشقىلار.

2. تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر. مەسىلەن: شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا) ئەلھەمدۇ لىللاھ ـ مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر)، تەسبىھ(سۇبھانەللاھ ـ ئاللاھ تائالا بارچە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر)، تەھلىل (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ، لاشەرىكەلەھۇ ـ بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر)، تەكبىر(ئاللاھۇ ئەكبەر ـ ئاللاھ تائالا ھەممىدىن چوڭدۇر) لارنى ئېيتىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋە باشقىلار.

3. بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، جىھاد قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ۋە باشقىلار.

4. پۇل ـ مال بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر. مەسىلەن: زاكات بېرىش، ئاجىزلارغا ماددىي ياردەم قىلىش، ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن خىراجەت قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە باشقىلار.

5. نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن قىلىنىدىغان ئەمەللەر. مەسىلەن: روزا تۇتۇش، ئۆزىنى هارام ئىشلاردىن قاچۇرۇش، پۇل ـ مالنىڭ مېهرىدىن كېچىپ مۇهتاجلارغا ساخاۋەت قىلىش ۋە باشقىلار.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن قىلغان ۋەدىلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىمانىدا راستچىل بولغان ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادا ئاتا قىلىدىغانلىقىغا قىلغان ۋەدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم قىلىش. «مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.» (رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت)

2. ئۇلارنى قوغداش. «ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ.» (ھەج سۈرىسى38 ـ ئايەت)

3. ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش. «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر.» (بەقەره سۈرىسى 257 ـ ئايەت)

4. ئۇلارنى يېتەكلەش. «ئاللاھ مۆمىنلەر توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.» (ھەج سۈرىسى 54 ـ ئايەت)

5. ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكە قىلىشىدىن قوغداش. «ئاللاھ كاپىرلارغا مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ» (نىسا سۈرىسى 141 ـ ئايەت)

6. ئۇلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىش. «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى چىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.» (نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت)

7. ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىش. «غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.» (مۇنافىقۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت)

8. ئۇلارغا پاراۋانلىق ئاتا قىلىش. «(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن هالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە كۇپرىدىن،

گۇناھلاردىن ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلغان بولاتتۇق.» (ئەئراف سۈرىسى 96 ـ ئايەت)
9. ئۇلارنى دۇنيادا ياخشى، راپاھەتلىك ياشىتىش. «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە، ئۇبدان ياشىتىمىز.» (نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت)
ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئاتا قىلىدىغان مۇكاپاتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قۇرئاننىڭ نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرىنى قەيت قىلغان. ئۇلاردىن: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى پىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ. ئۇلار پىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.» (كەھف سۈرىسى 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر)
«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ راست ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ(ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (لۇقمان سۈرىسى 8 ـ9 ـ ئايەتلەر)
ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر قىلغان ھەر قانداق كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن قىلغان يۇقىرىقى ۋەدىلىرىنىڭ بۇلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقى ناچارلاشقان، شەخسىيەتچىلىكى دىنىغا ھاكىم بولغان، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي مۆمىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك سۈپەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغانلىرىدىن مەھرۇم قالغان.
شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىش كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرى ماركسىزمچىلارنىڭ خىيالى جەننىتىگە ئوخشاش قۇرۇق پەلسەپە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرى ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر. يېتەركى، بىز ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي مۆمىنلەردىن بولايلى! ئۆزىمىزنىڭ خاھىشىدىكى مۇسۇلمانچىلىق بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پالاكەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالا ئىستىگەن مۇسۇلمانچىلىقلا بىزنى ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ

ھەممىسىدە «مۆمىن» سۆزى قوللىنىلغان. بۇ دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر ۋەدىلىرى ئىماندا راستچىل بولغان ھەقىقىي مەنىدىكى مۆمىنلەرگىلا خاس دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «مۆمىن» بىلەن «مۇسۇلمان» نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئومۇم ۋە خۇسۇسلۇق پەرق بار. ھەر قانداق مۆمىن مۇسۇلمان دېيىلىدۇ، ئەمما ھەر قانداق مۇسۇلمان مۆمىن دېيىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەئرابىلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار( يەنى مۆمىن بولمىدىڭلار)، لېكىن سىلەر «بويسۇندۇق» دەڭلار. ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى» (ھۇجۇرات سۈرىسى13 ـ ئايەت).
ھەقىقىي مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن سۆزۈمنى ئىخچاملاش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ھاجەت يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ئىسلام تارىخىدىن ئازراق خەۋىرى بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن، ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىكى ھەقىقىي مۆمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ قانداق ياردەم قىلغانلىقى، نۇسرەت بەرگەنلىكى ۋە ئۈچ قىتئەگە ھۆكۈمران قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ پىنھان ئەمەس.
بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار كىرىزىستا تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادا ئاتا قىلىدىغانلىرىدىن قۇرۇق قالغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىرى كۇففارلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىن مۇستەملىكە قىلىشى ئاستىدا قالغان بولسا، بەزىلىرى كۇففارلارنىڭ قۇراللىق ھالدا مۇستەملىكە قىلىشى ئاستىدا ئىڭىرقىماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق كىرىزىسنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ توغرا دىنىدىن ـ ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىگە، پاراۋانلىقىغا ۋە ئەزىزلىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلىشىپ، ئىنسانلىق، جۈملىدىن مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئونۇتقانلىقىدىن ئىبدى. نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ ئەسلىگە قايتىشتىن باشقا چارە يوق!

# ھەجنىڭ ماھىيىتى

(2001 ـ يىلى ئەرەفات تېغىدا ھاجىلارغا سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقارتىلمىسى)
ھۆرمەتلىك ھاجىلار، سىلەر ئانا ۋەتەندىن مىڭلىغان كىلومېتىر يىراقتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن بۇ مۇقەددەس جايغا كەلدىڭلار. ئاللاھ تائالا ھەجىڭلارنى ۋە بارلىق ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن، ئامىن! سىلەرنىڭ ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان بۇ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇيەسسەر بولغىنىڭلار ئالاھىدە چوڭ ئۇتۇق. سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، ھەر قانداق كىشى بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. خەلقىمىز خالىغان ۋاقىتتا بۇ جايغا كېلەلمەيدۇ. مۇشەققەت تارتىپ، چىقىم قىلىپ بۇ جايغا كەلگىنىڭلارغا لايىق ھەججىڭلارنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە ھەج ، ئۆمرىگە كېلىشىنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشىڭلار ئۈچۈن مۇھىم بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى خالايمىز.
ھەجنىڭ ئاساسلىق پەرزى ئەرەفاتتا تۇرۇش. ئازغىنە بولسىمۇ ئەرەفاتتا تۇرمىغان كىشىنىڭ قىلغان ھەججى قوبۇل بولمايدۇ. ئەرەفات كۈنى ئىسلام نەزەرىدە قەدىر كېچىسىدىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بىر كۈندۇر. شۇڭا ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ۋاقتى مۇشۇ كۈنگە بەلگىلەنگەن. ئەرەفات سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ تونۇش ۋە تونۇشۇش دېگەنلىك بولۇپ، ھەج قىلىشتىن بولغان مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش بولغاندەك، ھەجنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى، ئىنئاملىرىنى ۋە مەغپىرىتىنى تونۇش ۋە ئېرىشىش، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەت ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىمىزنى ئۇلارغا نامايان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق پۇرسەت پەقەت سىلەردەك ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلارغىلا نەسىپ بولىدۇ.
شۇ ئېنىقكى، ھەرەمگە كېلىپ ئەرەفاتتا تۇردۇق، ھەرەمنى تاۋاپ قىلدۇق، قۇربانلىق قىلدۇق ۋە باشقا ۋاجىبلارنى ئادا قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەج

پەرزىنى ئادا قىلىپ ئۇنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولدۇق، دەپ مەغرۇرلىنىپ، كەلگەن يېتى كېتىش ناقىسلىق ۋە يېتەرسىزلىكتۇر.
نېمە ئۈچۈن قىلغان ھەجسى قوبۇل بولغان ئادەم پۈتۈن گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، خۇددى مەسۇم بۇۋاقتەك پاك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئىبادەتلەرنى قىلغانلارمۇ بىر كۈندىلا شۇنداق پاك بولمايدۇ؟ تەبىئىيكى، ھەج ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم قىلىنىدىغان ئىبادەت. ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئېتىقادىدا، ئەخلاقىدا ۋە باشقا تەرەپلىرىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ھەج شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ھەجسى قوبۇل بولغان كىشىنىڭ ئىمانى يېڭىدىن جانلىنىدۇ، ئەخلاقى يېڭىدىن گۈزەللىشىدۇ، ئىخلاسى يېڭىدىن كۈچلىنىدۇ، مۇندىن باشقا ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ھەرىكەتلىرى، كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىلىرى، گەپ - سۆزلىرى ياخشىلىققا ، تەكامۇللۇققا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، خۇددى ئۇ ئانىسىدىن ئەمدى توغۇلغان مەسۇم بۇۋاققا ئوخشاش يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىدىن پاك بولۇپ، مەسۇم بۇۋاقتەك بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھەجسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان كىشىنىڭ خۇددى مەسۇم بۇۋاقتەك گۇناھلاردىن پاك بولىدىغانلىق شەكسىز ھەقىقەت.
ئەگەر ھاجىنىڭ قىلغان ھەجىسىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا پەۋقۇلئاددە بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرەلمىگەن، ئەخلاقىنى ياخشىلىيالمىغان ۋە باشقا تەرەپلىرىنى بۇرۇنقىسىدىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتەلمىگەن بولسا، بۇنداق ھەجنىڭ ساياھەتتىن پەرقى يوقتۇر. ھەرەمگە كەلگەن ئادەم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھاجى بولىۋېرىدۇ. ئەمما كىبرەك بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھاجى بولۇشتۇر. ھەقىقىي ھاجى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق مەنىۋى ھىدى بىلەن خەلقىگە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ پۇراقلىرىنى چاچىدۇ. خەلقى ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. ھەقىقىي ھاجى مۇسۇلمانلىقتا، ۋەتەنپەرۋەرلىكتە، گۈزەل ئەخلاقتا ۋە باشقا بارلىق ياخشىلىقلاردا خەلقىگە ئۈلگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىنسانلىقنىڭ ئىپتىخارى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرى تەككەن مۇقەددەس جايلارغا ئاياق باسقان، ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى قىلىشقا، ئوقۇغان دۇئالىرىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان بەختلىك كىشىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ھاجىلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە تەقەززاسى گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋە ئۈلگىلىك پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن مىللىتىگە سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق ئىكەن، مىللىتىمىزگە ئۈلگە بولماقچى بولغان ھاجىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىشى بىردىن ـ بىر شەرتتۇر.

# گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە ؟

گۈزەل ئەخلاق سۆزى ـ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، باشقىلارنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ئۇلارغا ئازار بەرمەستىن يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىكلا ئەمەس. گەرچە بۇ ئىشلارمۇ گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانالسىمۇ، لېكىن ئەخلاقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە.

گۈزەل ئەخلاق ـ ھەر ئىشتا توغرا بولۇش، ئادالەتلىك بولۇش، راستچىل بولۇش ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش، سۆيگۈ ـ ۋاپالىق بولۇش، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەبى جاسارەتلىك بولۇش، سېخى، مەرد، پاكىزە، مەدەنىيەتلىك بولۇش، كۆكسى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىن ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش، ئېتىقادىنى، ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا مال ـ مۈلكىنى، زۆرۈر تېپىلغاندا جېنىنى ئاتاشنى بىلىش ۋە باشقىلار.

گۈزەل ئەخلاق ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئېسىل ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ گۇۋاھچىسى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك مېۋىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان كىشىدۇر» (بۇخارىي رىۋايىتى).

يەنە : «قىيامەت كۈنىدە مۆمىن كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماق كېلىدىغان نەرسە يوقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن (تىرمىزى رىۋايىتى).

گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ جۈرىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئىخچاملاپ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن(بۇخارىي رىۋايىتى)

ھىندىيلارنىڭ ئاتاغلىق داھىسى گاندى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دىن بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئىككىسى بىر نەرسىدۇر. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. دىن ئەخلاق ئۈچۈن جانغا ئوخشاش بولسا، ئەخلاق دىن ئۈچۈن ھاۋاغا ئوخشاشتۇر». چۈنكى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەخلاق دىنىنىڭ ئۆزىدۇر. گۈزەل ئەخلاق ئۆزىنىڭ كەڭ مەنىسى بىلەن قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ئومۇملىشىدىغان بولسا دىنىنىڭ كامالىغا يەتكىنى شۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنى ئەنە ئاشۇنداق ۋايىغا يەتكەن. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بۇرچى ئەسلىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارغا قايتىش ئۈچۈن تىرىشىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەق دىنىنىڭ ئەسلىسىگە قايتىش دېمەكتۇر.
نېمە ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاقنى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت دەيمىز؟ چۈنكى، كۆپىنچە ئەمەل - ئىبادەتلەر ئۇنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق كۆپىنچە باشقىلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر. بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى مەدھىيىلەپ: «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دەيدۇ. (ياسىن سۈرىسى 2 - ئايەت)
بىزنىڭ دىيانىتىمىز، ئەخلاقىمىز ۋە باشقا ئىشلىرىمىز پەقەت ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ يولىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشكەندىلا تولۇقلانغان بولىدۇ.
ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى زاۋاللىقنىڭ ئىشارىتى بولغىنىدەك، ئەخلاقنىڭ تۈزۈلۈشى قەد كۆتىرىشنىڭ بېشارىتىدۇر. بۇنىڭ تىڭىك مىسالى شۇكى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى كەلگەن چاغلاردا، ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلار دۇنيادا ھۆكۈم سۈرەتتى. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككى ئىمپېراتورلۇقنىڭ بىلىم - ھۈنەرلىك، مۇكەممەل ئىنتىزاملىق، چېنىققان ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان، ئەسكەر كۆچى تايىنلىق، ئۇرۇش تەجرىبىسىمۇ يېتىلمىگەن ئەرەبلەرگە تەڭ كېلەلمىدى. چۈنكى رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلاردا ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەرەبلەردە بولسا، ۋەھىينىڭ تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن ئىدى.
بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

انما الامم الاخلاق مابقيت ، فان هم ۇهبت اخلاقهم ۇهبوا.
تەرجىمىسى:
ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاج تېپىپ داۋا م ئېتەر،
ئايرىلغانلار ئـــەخلاقتىن زاۋاللىقا ھامان كېتەر.
شۇنداق ئىكەن، بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەسلىدىكى ئىسلامىي ۋە ئەنئەنىۋى مۇقەددەس ئەخلاقىمىزغا قايتمىغىچە بىزگە قەد كۆتىرىش يوق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «بىر مىللەت ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دەيدۇ (رەئد سۈرىسى11 - ئايەت).
ئەخلاقنى نېمە بىلەن ئىسلاھ قىلىش كېرەك؟ تەبىئىيكى، دىنىي روھ بىلەن ئىسلاھ قىلىش كېرەك! ئەخلاقنىڭ بىردىنبىر مەنبىئى ۋە مىزانى دىندۇر. ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى بىلەن چىرىكلىكى دىن بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەخلاقنى گۈزەللىككە ۋە ياخشىلىققا ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى دىنىنىڭ ئەسلىگە قايتىشتىن ئىبارەتتۇر.
زامانىمىزدىكى ھېچبىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاقلار دائىرىسىدە يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا دىنىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئىككىنچى بىر مەنبەنىڭ يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا. كۆپلىگەن ئاتېيىستىنىڭ ئېتىقادىدىكى پەيلاسوپلار، ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئالىملار ئىنسانلارنى، خۇسۇسەن ئۆسمۈرلەرنى قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىغان، قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۆز- ئۆزىنى ئىچكى دۇنياسىدىن نازارەت قىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى دىنىي تەربىيە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. چۈنكى دىنىي تەربىيىنىڭ تەقەززاسى ھەركىمنىڭ ئۆز نازارەتچىسىنى ئىچكى دۇنياسىدا ئۆزى يارىتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، ئاشكارا - يوشۇرۇن گۇناھلارنى ئىشلەشتىن ھەزەر قىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشى ''ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ''، دەپ چىن ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئىچىدىكى نازارەتچىسى (ۋىجدانى) نازارەت قىلىپ

تۈردىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ياكى شەكلىي جەھەتتىن ئېتىقاد قىلسىمۇ ئىمانى يېتىلمىگەنلەر قانۇندىن يوشۇرالايدىغانلىكى قىلمىشلار ۋە جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىشتىن ھېچ ئىككىلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنى قانۇن كۆرمىسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇنلىرى قانۇننىڭ كۆزىنى بوياپ تۈرلۈك قىلمىشلىرىنى ۋە جىنايەتلىرىنى ئاشكارا قىلىۋېرىدۇ. شۇڭا قانۇننىڭ كۆزى كور دېيىلگەن. ھازىرقى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن، بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ياكى بىرەر دىنغا مەنسۇپ بولغان بولسىمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنى ھاياتلىقتىن ئايرىۋەتكەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى قىلمىشلارنىڭ ۋە تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتىدە ئاجايىپ چوڭ پەرق بار. جىنايى قىلمىشلار مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە يوقنىڭ ئورنىدا، ئەمما باشقا دۆلەتلەردىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان قىلمىشلار نىسبىتى ھەقىقەتەن چوڭ بولماقتا.

# پاكىزلىق

پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»، دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار 6 - ئەسىردىن بىرى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ھەر ۋاقىت تازىلىق قىلىپ، پاكىز، ئېسىل، خۇشپۇراق يۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۇگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.
ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرىشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، روھى، دىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر باردۇر. قىسقىسى، ـ تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك ـ يۇيۇنۇشتا تەرلەشتىن كېلىپ چىققان مايلىق تۇز ماددىلىرى بىلەن بەدەننىڭ يېپىلىپ قالغان  تۇشۇكچىلىرى ئېچىلىپ ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ ئوڭايلىششىغا، بەدەننىڭ راھەتلىنىشىگە، روھنىڭ كۆتىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئىجابىي نەتىجىلەر باردۇر. مۇندىن باشقا بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەندىكى يېقىمسىز ھىدلار يوقىلىدۇ، ۋۇجۇدنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچانلىقى ئاشقان ئادەم مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى روھلۇق، جوشقۇنلۇق بىلەن كامىل ئورۇنلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا پاكىزلىق تەرەپتىن باغلىنىش بولۇپ، بەدەن كىرلەشكەن ۋاقىتتا روھ  چۈشكۈنلىشىدۇ، بەدەن پاكىز، تازە بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ.
ئەرەبىستاندا هازىرمۇ سۇ قىس، بۇجاينىڭ مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىغا قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبىستاننىڭ سۇ قىس، قورغاقچىلىق چۆللىرىدە، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قوللارنى يۇيۇشقا، كۈندە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، قول - پۇتلارنى، يۈزنى، گاھ پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشقا، جۈمە، ھېيت ۋە مېيت نامازلىرىغا، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە، توي -

تۆكۈنلەرگە ۋە نەزىر ـ چىراغلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشپۇراق بۇيۇملىرىنى ئۆزىگە، كىيىمىگە چېچىپ بېرىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر مەدەنىيەتلىك ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

مۇسۇلمان ئادەم ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراقلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دىنى: «پاكىزلىق ئىماندىن» دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئەرەبىستاندا سۇنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، ھەرەمنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى خالاجايلارنىڭ ھەممىسىدە يۇيۇنۇشقا ئەپلىك ۋاننىلار بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت نېمە؟ مەقسەت، مۇسۇلمانلار تاھارەت ئالغاننىڭ ئورنىدا يۇيۇنىۋالسۇن، ئىبادەتلىرىنى پاكلىق بىلەن ئادا قىلسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ، پاكىز، ئېسىل، كۆركەملىك ۋە خۇشپۇراقلىق كۆرۈنسۇن دېگەنلىك ئېدى. بولۇپمۇ بۇ ئىسسىق بەلۋاغقا جايلاشقان بىر مەملىكەت بولغانلىقتىن ھەر كۈنى يۇيۇنۇپ تۇرۇش كېرەك بولىدۇ.

ئەرەبىستاننىڭ قايسى ماگىزىنىغا كىرمەڭ، ئەرزان باھالىق ئەتىرلەر، قول ـ يۈزلەرگە سۈرتىدىغان ھەرخىل خۇشپۇراقلىق بۇيۇملار سېتىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن باشقا مىللەتلەر بۇلارنى شۇنچە كۆپ سېتىپ ئالىدۇ؟ تەبىئىيكى، گۈزەللىك ئۈچۈن. پاكىزلىق ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە رەتلىك، يېقىملىق، تازە كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئالىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەر قانداق بىر مىللەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىڭىزدە، قولىڭىز ئۇزۇنغىچە خۇشپۇراقلىق پۇرايدۇ. شۇ كۆرۈمسىز نېگىرلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسىڭىز ياكى بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسىڭىز ئۇلاردىن خۇشپۇراق پۇرايسىز. سىز ئۇلارنىڭ رەڭگىدىن يىرگەنگەندەك، ئۇلارمۇ سىزنىڭ ھىدىڭىزدىن يىرگىنىشى مۇمكىن.

نېمە ئۈچۈن بىزمۇ شۇنداق قىلمايمىز؟ ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، يېقىن ـ يورۇقلارغا سوۋغات ئالدۇق دەپ، جۇڭگونىڭ سۈپەتسىز، جا ماللىرىنى يەنە جۇڭگوغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى بۇيىغاننىڭ ئورنىغا، خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى ۋە باشقىمۇ ئۈلگىلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بارمايمىز؟ ئاللاھ تائالانى ياد قىلىپ زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنى تەسبىھ بىلەن ساناش ھاجەتسىز. چۈنكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بارماقلىرى بىلەن سانايتتى. نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بۇجايدا تۇرۇش رۇخستى تۈگەپ كەتكەن ھاجىلىرىمىز تېزلا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ھالبۇكى، بۇ

مەملىكەتتە رۇخسەتسىز تۇرىۋاتقان مىڭلارچە كىشىلەر بار. ئۇلار يىل بويى شۇنداق يوشۇرۇن ئاسانلىق بىلەن تۇتۇلۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ هاجىلىرىمىزنىڭ كىيىملىرى بىر ـ ئىككى ئاي بۇرۇن يۇيۇلغان پېتى، تەر بىلەن پىشىپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن، ھەتتا بەزىلىرى ئەرەبنىڭ ئاق ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، ساقچىلارنىڭ كۆزىگە تېزلا چېلىقىپ قالىدۇ ــ دە، تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ پېقىر ھىندىيلارمۇ بىزنىڭ بەزى هاجىلىرىمىزدىن پاكىز يۈرىدىكەن. ۋەتەندە ئۆزلىرىنى ياساپ، ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان سۆلەتلىك بايلىرىمىزمۇ چەتئەلگە چىققان ھامان «بىزنى كىم تونۇيتتى» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىدۇ ـ دە، باشقىلارمۇ ئۇلارنى نەزەرلىرىدىن تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇنداقلارنىڭ ئۆزلىرىنىلا نەزەرىدىن تاشلىۋەتسە ھېچ ۋەقەسى يوققۇ، ئەمما ئۇلارنى ئۇيغۇر دەپ تونىسىچۇ؟ مانا بۇ بىزدىكى ئاڭسىزلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. چەتئەللىكلەر سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلمەسلىكى ئېنىق، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى سىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭلا ئەمەس، ئېچىنىشلىق بولغىنى ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ شەنىنى چۈشۈرگەن بولىسىز. بونداق قىلىشقا ھەققىڭىز يوق.

ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ھەرەمگە كەلگەن هاجىلىرىمىز، ھەر يىلى كېلىدىغان سودىگەر هاجىلارغا قارىغاندا، خېلى رەتلىك، پاكىز يۈرىدىكەن. چۈنكى بۇلار سودىگەر هاجىلاردەك بازارمۇ ـ بازار خالتا كۆتىرىپ يۈرمىگەچكە كىيىملىرىمۇ ئانچە كىرلاشمايدىكەن، ئىبادەتلىرىنىمۇ جايىدا ئورۇنلىيالايدىكەن.

# سۆيگۈ

«ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر».

ــ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

سۆيگۈ ــ ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ زىننىتى ۋە بەختنىڭ كاپالىتىدۇر. سۆيگۈنىڭ قىممىتىنى تونۇغانلار «دۇنيادا سۆيگۈ ئومۇملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار نە ئادالەتكە، نە قانۇنغا مۇھتاج بولمىغان بولاتتى» دېگەنىكەن قەدىمدە. ئۇلۇغ ئالىم جالالىدىن رۇمىي مۇنداق دېگەنىكەن: «سۆيگۈ ــ ئاچچىقنى تاتلىققا، تۇپراقنى ئالتۇنغا، كىرنى ساپلىققا، كېسەلنى ساقلىققا، تۈرمىنى بوستانغا، غەزەپنى شەپقەتكە ئايلاندۇرىدىغان، تۆمۈرنى ئېرىتىدىغان، تاشنى يۇمشىتىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئابى ھايات بەخش ئېتىدىغان بىر مۆجىزىدۇر».

ئاللاھ سۆيگۈسى

ئاللاھ سۆيگۈسى ــ ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەركىبى، ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ئىپادىسى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ نەرسە بولىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى؛ ئىككىنچىسى، بىراۋنى دوست تۇتسا ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوست تۇتىدىغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلىقتىن كېيىن كاپىر بولۇشنى، خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرىدىغان بولۇشى.“ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن ئارتۇق دوست تۇتقۇچىلاردۇر» (بەقەرە سۈرىسى165 - ئايەت).

ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشنى تەبىئىي بۇرچ، دەپ بىلىدۇ. دۇنيادا قايسى بىرىنىڭ ياخشىلىقى ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان، ئۇنىڭغا ئەقىل -

ئىدراك ئاتا قىلىپ، بارچە مەخلۇقاتلاردىن ھۆرمەتلىك ھەم قۇدرەتلىك قىلغان ۋە ئۇنى كائىناتنىڭ خوجايىنى قىلىپ بەلگىلەپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كەرەملىك، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرىغا يېتەلىسۇن؟!

ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سۆيگۈسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ»(ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى).

ئاللاھ تائالا تەربىيدىن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىنىنى ئېلىپ كېلىشى ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمانىنىڭ پارلاق نۇرىغا باشلاپ چىققان ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كىم بولسۇن؟!

پەيغەمبەر سۆيگۈسى ئۇنىڭ يولىغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ۋەتەن سۆيگۈسى

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ـ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ھۆرلىكىنى، ئازاتلىقى يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى

سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتىۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!
ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىز تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى بۇ، بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟
ھەركىمنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدۇر. ھەركىم ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىسسىق ۋە يېقىملىق بولغاندەك، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىمۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە يېقىملىقتۇر. ئۆيىمىزنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىش ياكى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن قانچىلىك مەبلەغ، ۋاقىت، كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنىڭ كېلىچەك قۇرۇلۇشى ئۇچۇنمۇ ئەڭ ئاز دېگەندە شۇنچىلىك پىداكارلىق كېرەك.
ۋەتەن ئۆز ئۆيىمىز. چۈنكى ھەركىم ئۆز ئۆيىگە ئۆزى خالىغانچە كىرىدۇ ۋە خالىغانچە ئولتۇرىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۆي ساھىبى رۇخسەت بەرگەندىلا كىرەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگىمۇ شۇنداق ۋاقىتلىق رۇخسەت بىلەن كىرىدۇ. ھەج، ئۆمرە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چەتئەلگە چىققانلار ۋە چەتئەللەردە تۇرۇپ قالغانلار ئۆز ۋەتەنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە قەدرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولماقتا.
ۋەتەن سۆيگۈسى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن، ياكى ئەدىبلەرنىڭ قىسسىلىرى بىلەن، ياكى ئارتىستلارنىڭ ناخشىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ۋەتەن سۆيگۈسى پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەن ئۇچۇن مال ـ مۈلۈكنى، جاننى پىدا قىلىش تەبىئىي بۇرچتۇر.

ھەر قانداق غەلىبە كىچىكتىن باشلىنىدۇ. ۋەتەننىڭ كىچىككى ئۆچۈن يارامىلىق بولغان ۋىجدانلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشمۇ ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ قىلىش ئىقتىدارىدىكى بىر ئىشتۇر. بۇنىڭدا ئۆزرۈر قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىرىنچى پەرزى بولغان نامازغا ياندىشىپ كەلگەن زاكات نامىلىق بىر پەرزى بار. زاكات زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئادەتتە نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85گرامما ئالتۇن كەلگىچىلىك پۇل ـ مالغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ زاكات بېرىشى پەرزدۇر. ئانا ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭمۇ تۇرمۇشى بېيىدى. زاكات بېرەلەيدىغانلار كۆپ. زاكات پەرزىنى ئادا قىلىش ھەج پەرزىدىن مۇھىم ۋە ساۋابى كۆپتۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى زاكات ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر. ئەمما ھەج ـ ئۆمرە ھەركىمنىڭ ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ئىبادەتتۇر. ھەجدىن مۇھىم بولغان بىر ئىجتىمائىي پەرز ـ زاكاتنى بەرمەي ھەج قىلىمەن دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالا ئۇبدان بىلگۈچىدۇر. ساۋاپ ئاللاھنىڭ قولىدا. ئۇ كىشىلەرنىڭ نىيەت، ئىقباللىرىغا قاراپ ساۋاپ بېرىدۇ ياكى بەرمەيدۇ. ئەمما ھاجى بولدۇق، گۇناھلاردىن پاك بولدۇق، دەپ كۆرەڭلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ھاجى بولغانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھلاردىن پاك بولمايدۇ. پاك بولغانلىرىمۇ ئاللاھنىڭ ھەققىگە ئىشلىگەن خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىدىن پاك بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەقلەردىن قۇتۇلغان بولمايدۇ. زاكات جەمئىيەتتىكى پېقىر، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىر كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ھەققىدۇر. ئۈستىمىزدىكى بۇ ھەق پەقەت ئۇنى تولۇق بېرىش بىلەنلا ئادا تاپقان بولىدۇ.
ھازىرقى شارائىتتا كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار ئىقتىساتقا يۆلىنىدىغان بولۇپ قالغان. ۋەتەننىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىش ئىشىمۇ ئىقتىساتقا ۋە ئىقتىساتقا چىداپ ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتلەرگە، ھەر ساھەدە يېتىشكەن ئالىملارغا، سىياسىيونلارغا ۋە زىيالىيلارغا مۇھتاجدۇر. چۈنكى ۋەتەننى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنمۇ بىلىم سەۋىيىلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئەربابلار كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىغا 2.5%(يەنى100دىن ئىككى يېرىم پىرسەنت) زاكات ئايرىشنى پەرز قىلغىنىنىڭ سىرتىدا، خالىسانە ياردەم، خەير - ئېھسان ۋە سەدىقە قاتارلىق كۆپلىگەن ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرىغان. زاكات ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بۇ مىقدار يەنى 100دىن ئىككى يېرىم پىرسەنت بېرىش زاكاتنىڭ ئەڭ ئەدنا مىقدارى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئازراق كەم بېرىلگەن زاكات قوبۇل بولمايدۇ. ئاشۇرۇپ قانچىلىك كۆپ بەرسە شۇنچىلىك كۆپ ساۋاپ بولىدۇ. شۇڭا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب : «100دىن ئىككى يېرىمنىلا زاكات بېرىمەن دەيدىغانلارنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر» دېگەن ئىكەن. ھازىرقى شارائىتتا زاكات ماللىرىنى ھەر قايسى پەنلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋەتەنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا كىرىش ئۈچۈن ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق بولغان ياشلارغا سەرپ قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.

مەيلى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بولايلى، مەيلى ئۇنىڭ سىرتىدا بولايلى ۋەتەنىنىڭ غېمى بىلەن ياشاش بىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر. مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن، ھاياتىمىزدا بىزگە ئۈلگە بولالايدىغان بىرى بولسا، ئۇ، دەل ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر! ئۇ ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ۋە ئەمەلىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىردىنبىر ئابىدىسىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان مەككىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەرك ئەتكەن ئەمەس. ئۇ مەككىدىن ئايرىلغان لەھزىلىرىدە، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ: «ئەي سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قەۋمىڭ مېنى ھەيدەپ چىقارمىغان بولسا ئىدى، مەن سېنىڭدىن ئايرىلمىغان بولاتتىم» دەيدۇ. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ ھەمىشە مەككىنىڭ غېمىدە ياشايدۇ. ئاللاھتىن مەككىنىڭ بۇددىست ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن فەتھى(ئازات) بولۇشىنى تىلەش بىلە بىرلىكتە ئەسكەر ھەم قورال كۈچى تەييارلايدۇ. بىر كۈنىمۇ مەككىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بارلىق ھىممىتىنى ئانا يۇرتى مەككىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتايدۇ. ھەتتا ئۇ، چۈشىدىمۇ مەككىگە بېرىپ، ئۇنى ئازات قىلىپ كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ھەق رەۋىشتە چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد!) سەن ۋە ساھابىلىرىڭ ئاللاھ تائالا خالىسا (دۈشمەندىن) خاتىرجەم بولۇپ، ( بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى

چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىگىلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر» (فەتھ سۈرىسى).
ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە يېنىدىكى سادىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھىممىتى، غەيرەت ـ شۇجائىتى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مەككىنى ئازات قىلىدۇ. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىمۇ شەرەپ بىلەن ئادا تاپىدۇ.
پەيغەمبەر ئۆز يۇرتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان مەككىنى قويۇپ، باشقا مەملىكەتلەرنى كۇففارلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىشنى ئويلىمىدى. بەلكى پۈتۈن ھىممىتىنى مەككىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئىسلام تارىخىدىكى فەتھلەرنىڭ ھەممىسى مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ تارىختىن قانداق ئىبرەت ۋە ساۋاقلارنى ئېلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى ھەر قانداق ئاقىل كىشى ئۆزى قارار قىلسۇن!
ئىنسانىيەت سۆيگۈسى
ئىنسانلارنى سۆيۈش ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك تەرغىب قىلىنىپ كەلگەن ئىلاھىي دەستۇردۇر. خۇسۇسەن ئىسلام دىنىدا ئىنسانىيەت سۆيگۈسى گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىبادەتكە ياتىدۇ. ئىنسانلار ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداشلار، ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك ئېتىبارى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئورتاق ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان شەيتانغا لەنەت ئوقۇشتا ئۆزئارا ئىتتىپاقداشلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۈتۈن ئىنسان جىنسىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر. سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار».
مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەڭگى، تىلى، ئىرقى، دىنى ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك دۈشمەنلىك مەۋقەئەسىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى نەزەرىدە، پۈتۈن ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەمدىن، ئادەم توپىراقتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئالامەتلەردۇر. «ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلەرنى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ،

رەڭگىڭلارنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلەر باردۇر» (رۇم سۈرىسى).

مۇسۇلمان كىشى پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ دىنىي ئايرىمچىلىقىدىن قەتئىينەزەر سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلغان زالىملارنى سۆيمەيدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ تەقەززاسى. چۈنكى ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئاللاھ تائالانى سۆيگەنلەرنى سۆيۈش ۋە دوست تۇتۇش، باشقىلارنىمۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىق ئېتىبارى بىلەن سۆيۈش، ئاللاھ تائالاغا دۈشمەن بولغۇچىلارنى دۈشمەن بىلىش، ئۇلارنى دوست تۇتماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالانى سۆيگەنلەر: مۆمىن، مۇسۇلمان قەۋملەر، ئاللاھ تائالاغا دۈشمەن بولغانلار ـ مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىگە، بايلىقلىرىغا كۆز تىكىدىغان ئاچكۆز ياۋۇزلاردۇر. ئۇلاردىن باشقىلار دىن ياكى پىكىر ئايرىمچىلىقلىرى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۈشمەن سانالمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىنسانىي قېرىنداشلاردۇر. بۇلارغا ئىنسانىي ياردەملەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاققا ياتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن ۋە ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىئەت سۆيگۈسى

تەبىئەت ـ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداش دىنىمىزدا گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. تەبىئەت بىز ئىنسانلاردەك تۇزكور ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆز تىللىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ نوقسانسىزلىقىنى سۆزلەيدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى بارچە نوقسانلاردىن پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ، لېكىن

سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقتىن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر» (ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەت).
تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانى تونۇيدۇ. بۇ كىتابتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەت كامالى، گۈزەل سەنئەتلىرى، نېمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى يېزىلغان. مۇسۇلمان كىشى تەبىئەتنى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىلىم ـ ھېكمىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشى ئاشىدۇ، ئىمانى كۈچلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرىگە قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرماقتا.

# پىداكارلىق

دۇنيادا، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزىلا پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە مال ـ دۇنيا يىغىشنى كۆزلەيدۇ. ئالللاھ تائالا ئىنسان تەبىئىتىنى تونۇشتۇرۇپ: «ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم بالىسىنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسلىقىنى بايان قىلىپ: «ئادەم بالىسى ئىككى ۋادى ئالتۇنغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن. ئىنسانلار تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلمەستىن، مۇشۇ تەبىئىتى بويىچە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋىجدانىغا ھاكىم بولغان، ئەقلى نەپسى ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغان، ئېلىشنى بىلىدىغان، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ھەر ئىشتا پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئازراق پىداكارلىق قىلىشنىمۇ ياقتۇرمايدىغان، ھەمىشە «مەن، مەن» دەيدىغان، «بىز» دېمەيدىغان، ھېچبىر زامان «ۋەتىنىم، خەلقىم» دېيىشنى بىلمەيدىغان بېخىل، شەخسىيەتچى ئىنسانلار بىلەن تولغان بولاتتى. ئىلىم ـ پەن مەيدانىغا كەلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە جەمئىيەتمۇ تەرەققى قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ساماۋىي دىنلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى، ئەخلاق ۋە سۇلۇكلىرىدىكى قىڭغىرلىقلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىشنى بىلىدىغان، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياشايدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم دەپ تونۇيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئاخىرقى دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ غايىسىنى ئوچۇقلاپ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى يولىدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ پىداكارلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر مىللەت قەد كۆتىرىشى ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان، بارلىقىنى خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتايدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن كېچەلەيدىغان، مال ـ

دۇنياسىنى پىدا قىلالايدىغان، زوٚروٚر كەلسە جېنىنى بېرەلەيدىغان، ئوٚزىنىڭ مەنپەئەتىنى خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئوٚچوٚن قۇربان قىلىدىغان، ئىرادىلىك، پىداكار شەخسلەرنى يېتىشتوٚروٚپ چىقىشقا مۇھتاجدۇر.
بۇنداق ئالىيجاناب شەخسلەرنى هازىر نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ؟ بۇنداق شەخسلەرنى پەيغەمبىرىمىز هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام قۇرغان «ئىمان» ناملىق ئالىي مەكتەپتىن تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىمان ئوٚز ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناپ شەخسلەرنى يېتىشتوٚروٚپ چىققان ۋە هازىرمۇ يېتىشتوٚروٚپ چىقىشقا قادىردۇر. ئىمان ئەنە ئاشۇنداق موٚجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. چوٚنكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كوٚنىگە ئىشەنگەن موٚمىن كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا سەرپ قىلغان مال ـ دۇنياسىغا، ئەقىل ـ پاراسىتىگە، جاپا ـ مۇشەققىتىگە، ئىلىم ـ ماهارىتىگە ۋە مۇندىن باشقا ئاللاھ يولىدا ئاتىغان هەر نەرسىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ بىرگە 700 هەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوٚپرەك بېرىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. چوٚنكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى هەقتۇر. قۇرئان كەرىم ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان مال ـ دۇنيا ئوٚچوٚن قانچىلىك كوٚپ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىكىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، هەر باشىقىدا 100دىن دان توٚتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە هەسسىلەپ كوٚپ بېرىدۇ»(ئال ئىمران سوٚرىسى 261- ئايەت).
شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان كىشى دىنىنى، ۋەتىنىنى، خەلقىنى قوغداش ئوٚچوٚن ئاللاھ يولىدا شېهىد بولۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا هايات بولۇپ، ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلاردىن بەهرىمەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. «ئاللاھ يولىدا شېهىد بولغانلارنى ئوٚلوٚك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا رىزىقلانغۇچىلاردۇر». هەقىقىي ئىماننىڭ پىداكار، ئوٚلگىلىك شەخسلەرنى يېتىشتوٚروٚپ چىقالايدىغانلىقى شەكسىز هەقىقەتتۇر. ئىسلام تارىخى مۇنداق ئەرلەرنىڭ ئوٚلگىلىك قىسسىلىرىگە بايدۇر. زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ «كىمكى ئاللاهقا قەرز هەسەنە بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا هەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن

بىرگە ئۇنىڭغا كۆپ ساۋاپ بېرىدۇ» دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئەبۇ دەھداھ ئىسىملىك بىر ساھابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ:
ـ يا رەسۇلۇللا! ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت تۇرۇپ بىزدىن قانداق قەرز سورايدۇ؟
ـ توغرا، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت، بىراق ئۇ ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى جەننەتكە ئەكىرىشنى خالايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.
ـ ئەگەر مەن ئاللاھ تائالاغا قەرز بەرسەم، مېنى ۋە قىزىمنى جەننەتكە ئەكىرىشكە كېپىللىك قىلامدۇ؟
ـ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ.
ـ ئانداقتا دۇنيادا مېنىڭ ئىككىلا بېغىم بار، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىدىم.
ـ ياق، بىرىنى شۇنداق قىل، يەنە بىرىنى ئۆزۈڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ قالغىن دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇۋاقىتتا ھېلىقى ساھابى:
ـ ئانداق بولسا، ئەڭ ياخشىسىنى ئاتىدىم، ناچارراقىنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالدىم دەپ ۋەدە قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.
ئەبۇ تەلھە ئەنسارىي قۇرئاننىڭ بارائەت سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلىۋېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ «مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە ـ ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇشلۇق ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەر ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە، باللىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا دەيدۇ:
ـ مېنى تېزدىن يولغا سېلىڭلار، مەن جىھادقا چىقىمەن! باللىرى ئۇنىڭغا:
ـ دادا، ئەمدى سىز قېرىپ كەتتىڭىز، جىھادقا تاقەت قىلالمايسىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھادقا چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئەبۇ بەكرى بىلەن چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بۇلدى، ئۆمەر بىلەن چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئەمدى سىزنىڭ ئورنىڭىزغا بىز چىقايلى. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەندە، ئەبۇ تەلھە سۆزىدىن قايتمايدۇ، ئاخىرى جىھادقا چىقىدۇ، بىر دېڭىز غازىتىدا شېھىد بولىدۇ.
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن مۇسئەب ئىبنى ئۆمەير باياشاتلىق ئائىلىدىن چىققان بولۇپ، بايلىق ۋە راپاھىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ

يېتىلدۇ. ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ، راپاھىيەتلىك تۇرمۇشىنى تەرك ئېتىپ ئاۋۋال ھەبەشكە، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ، ئاخىرى ھىجرەت شەھىرىدىكى بىر غازاتتا شېھىد بولىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى تىتىلىپ كېتىپ جەسىدى ئوچۇق قالغانلىقتىن جەسىدىنى يۆرگەپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك نەرسە تېپىلماي مۇسۇلمانلار ئۇنى بىر تال كۆڭلەك بىلەن دەپنە قىلماقچى بولغىنىدا، بۇ بىرتال كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ياپسا ئايىغى ئوچۇق قالغان، ئايىغىنى ياپسا بېشى ئوچۇق قالغان، ئاخىرى بۇ كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يېپىپ، ئايىغىنى خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن يۆرگىگەن ھالدا دەپنە قىلىدۇ. بۇ ساھابىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆيىدىن، بايلىق، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىپ، پېقىرلىققا، جاپاغا، غۇربەتچىلىككە رازى بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟ نەبىئىيكى، چىن ئىمان! بىزمۇ ئۆزىمىزنى مۆمىن ـ مۇسۇلمان دەيمىز، ئەمما ئۇلار بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقىمىز بار. چۈنكى بىزدە ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسى، مۇسۇلمانلىقنىڭ نامى قالغان، ئەمما ئۇنىڭ روھى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن.
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى پۈتۈن ھايات ساھەلىرىدە تولۇق دەستۇر قىلالىتى، قانداقلا بىر ئايەتنى ئوقۇمىسۇن، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ ماڭاتتى. شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىگە ھۆكۈمران بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، دىندارلىقى بىلەن دۇنيا كىشىلىرىنى قايىل قىلالىغان، كۆپلىگەن مىللەتلەر، جۈملىدىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىختىيارى ھالدا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن، مۇسۇلمان بولغان. بىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئەجدادلىرىمىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆلگىلىك كىشىلەردىن بولغان، ھەتتا قاراخانىيلارنىڭ ئاسىيادا كېڭىيىشى ۋە مىسلىسىز قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىنىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان.
بۇرۇنقىلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغانلىقتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى قازانغان. ئەمما بىزدە قۇرئان قارىلارنىڭ خەتمە ئۆتۈپ، موللىلارنىڭ نەزىر ـ چىراغلاردا، مازار ـ ماشايىخلاردا ئوقۇپ بېرىپ پۇل تاپىدىغان ئىقتىساد دەستۇرىغا ئايلىنىپ قالغان. بىزدىكى ئىمان ئاجىز، ئىخلاس «0» دەرىجىدە

بولغانلىقتىن، بۇرۇن كۇففارلارنىڭ قەلبلىرىگە ۋەھىمە سالغان بۇ ئىمان ھازىر ئۇلارنى ئەمەس، ئۆزىمىزنى قورقىتىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. قۇرئانمۇ بىزگە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۆز ۋاقتىدىكى بۇددىست ئەرەبلەر «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن ئىمان كېلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە غايىسىنى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىن ئەلۋەتتە ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن «مۇشۇ كەلىمىدىن باشقا نېمە سورىسىڭىز ئورۇنلايمىز ـ بايلىق دېسىڭىز پۈتۈن بايلىقىمىزنى سىزگە توپلاپ بېرەيلى، مەنسەپ دېسىڭىز سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى، مۇندىن باشقا نېمە دېسىڭىز ئورۇنلايمىز، ئەمما بۇ كەلىمىنى ئېيتمايمىز» دەپ ئىلتىماس قىلغان. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئېيتماسلىقتا شۇنچە تاقاراشتى؟ چۈنكى، بو كەلىمىنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىشىنىشكە، چوقۇنۇشقا، يۆلىنىشكە، ئىخلاس باغلاشقا، بويسۇنۇشقا لايىق ھەقىقي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، رىزىق بەرگۈچىدۇر، يەر يۈزىدىكى بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چوڭلۇق، ئۇلۇغلۇق پەقەت شۇ بىر ئاللاھقىلا خاستۇر دېگەنلىك. ئەمما بىز تۇغۇلغان كۈنىمىزدىن باشلاپلا مۇسۇلمان بولۇپ ئاتالغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ كەلىمىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيمىز. بۇ كەلىمە زامانىمىزغىچە ئوڭاي يېتىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن پىداكارلىقلار بىلەن يېتىپ كەلگەن.

# مەردلىك ۋە بېخىللىق

دۇنيادا مەردلىك بىلەن سېخىلىقنى ماختىمايدىغان بىرەر مىللەت، بىرەر دىن ۋە بىرەر پەلسەپە بولمىسا كېرەك. مەردلىك بىلەن سېخىلىق ماختاشقا تېگىشلىك بىر گۈزەل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق بىلەن نامەردلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان بىر ناچار خۇلۇقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بېخىللىق بىلەن نامەردلىك سۆكۈلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، ئۇ دوزاخقا تاشلانغاندا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.» (لەيل سۈرىسى 8 -12 ـ ئايەتلىرى)

«كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ» (مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەت).

ئەمما مەردلىك ۋە سېخىلىققا كەلسەك، قۇرئان كەرىم بۇ گۈزەل ئەخلاقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ بىردىن ـ بىر سۈپىتى بولغان ھالدا، قۇرئاننىڭ بېشىدىلا ماختايدۇ: «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ.....» (بەقەرە سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

مۇندىن باشقىمۇ مەردلىك بىلەن سېخىلىقنى ماختىغان ۋە بۇنداق ئەخلاقنىڭ ئىگىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە ئالاھىدە مۇكاپاتلار بېرىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئەرەبلەردە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتكەن ھاتەم تائى دېگەن بىر ئادەم مەردلىك ۋە سېخىلىقنىڭ بىردىنبىر ئۆلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شائىرلاردىن باشلاپ تاھازىرغىچە ھەرقانداق بىر شائىر شېئىرلىرىدا ھاتەمنى سېخىلىق بىلەن مەردلىكنىڭ ئابىدىسى قىلىپ ماختايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ھېكايە، چۆچەكلەردىمۇ ھاتەم مەردلىك بىلەن سېخىلىقنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇلغان.

ھاتەمنىڭ ئەكسىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قارۇن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، قارۇن بېخىللىق بىلەن نامەردلىكنىڭ بىردىنبىر ئوبرازى بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى بارلىق ساماۋىي دىنلاردا ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە قارۇن ئوبرازى لەنەتكار بولۇپ، ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئېيتىلىشىلارغا ئاساسلانغاندا، قارۇن ئىنتايىن چوڭ باي ئىكەن، ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى 40 تۆگە ئاران كۆتىرىدىكەن. قۇرئان كەرىم بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەتكىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: ''كۆرەڭلەپ كەتمە،كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ئاللاھ زادى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئونۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ئاللاھ(نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، (بېخىللىق قىلىپ) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى زادى ياقتۇرمايدۇ'' قارۇن: ''مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم'' دېدى» (قەسەس سۈرىسى 76 - 77 - 78 - ئايەتلەر).

ئايەتتەكۆرگىنىمىزدەك، قارۇن مال - دۇنياسىدىن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە چىقىم قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ مال ــ دۇنيالىرى بىلەن بىرگە يەرگە يۇتقۇزىۋېتىدۇ. «قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسىۋالالايدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى.» (قەسەس سۈرىسى 81 ــ ئايەت)

بۇ ۋەقەلىك باشقا ساماۋى دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان مەشھۇر بىر ھادىسىدۇر.

دۇنيادا تونۇلۇپ ئالتۇن ۋە مىليارتلاپ دوللار يىغقان مىلياردىرلارنىڭ نام - نىشانىسى قالماستىن، ئازراق بايلىقى بولسىمۇ شۇ بايلىقىدىن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلغان جان كۆيەرلەرنىڭ نام - شۆھرىتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئېلىپ، تىللاردا مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە.

دۇنيادا ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نام - نىشانىسىنىڭ ياخشى ئاتاق بىلەن قېلىشىنى، خۇددى ھاتەمدەك، مەردلىك بىلەن سېخىلىقىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تىللىرىدا ماختىنىشىنى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىمۇ شان - شەرەپلىك بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك، دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ نام - نىشانىسىنىڭ قارۇندەك بېخىللىقتا ۋە نامەردلىكتە مىسال بولۇپ قېلىشىنى ۋە خەلقىنىڭ ئېغىزىدا لەنەتكار بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ.

ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ — مەرد بايلارنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ، دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆتۈرۈلۈشىدىمۇ شۇ دۆلەتتىكى بايلار ئالاھىدە سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بايلىرىڭلار بېخىللىشىپ كەتكەن ۋاقتىدا، سىلەرگە يەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: بايلىرىڭلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل - ماللىرىدىن باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگىمۇ سەرپ قىلىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزمىسا، ئاسارەتتىن، خورلۇقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، كەشپىياتلارنى ئىچىپ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پۇل — ماللىرىدىن سەرپ قىلمىسا ئانداق بايلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئۆلگىنىڭلار ياخشى. چۈنكى بۇنداق ئاسارەت، خورلۇق ۋە مۇھتاجلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسى يوقتۇر، دېگەنلىك.

دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلىم - پەن، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە كەشپىياتلار ئەڭ ئاۋۋال بايلارنىڭ قوللىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن سېخىلەرچە ياردەم قىلىشى سايىسىدا ئۆز مېۋىلىرىنى بېرىپ كەلمەكتە. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلەرگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇ ئىلىمنى ئېلىش ۋە بېرىش ئىشلىرى ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىقتۇر. كۆپ ھاللاردا بىلىم بىلەن بايلىق بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇل - مېلى بىلەن جەمئىيىتىگە، مىللىتىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىرەر ئادەمگە بايلىق ئاتا قىلسا ئۇنى ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن؛ يەنە بىرى، ئۇنى سىناش يەنى بۇ بايلىقنى ئۆز يولىدا قوللىنامدۇ ياكى بېخىللىق قىلىپ بېسىپ ياتامدۇ، دەپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر» دەيدۇ. يەنە ئۇ مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىپ: «بىرىڭلارغا ئۆلۈم

كىلىپ: ”پەرۋەردىگارىم! نىمشقا مىنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كىچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم“ دىيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ بىرىلگەن نەرسىلەردىن سەرپ قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەمەلگە چىقىشىغا ۋەسىلە بولىدىغان مال ـ دۇنيانىڭ، ئۇنى ئۆز يولىدا ئىشتىلىتىشنى بىلىدىغان ياخشى ئادەم ئۈچۈن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتلەرنىڭ ۋاستىسى بولىدىغانلىقىنى ئىخچاملا مۇنداق دىگەن: «ياخشى ئادەمنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا نىمە دىگەن ياخشى ».
ئاللاھ تائالا ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغان مال ـ دۇنيانى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ۋە مۇھتاجلارنىڭ بۇنىڭدىكى ھەققىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن جەمئىيەتتىكى ئىھتىياج ئىگىلىرىگە ـ يىتىم ـ يىسىرلارغا، پىقىرلارغا، باققۇچىسى يوق تۇللارغا، ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارغا ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەرەققى قىلىپ يۇكسىلىشىگە سەرپ قىلىپ تۇرغان بايلارنىڭ بايلىقلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشماقتا. مۇنداق بايلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق، شانى شەۋكەتلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، بايلىقلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى، بۇنىڭدا ئىھتىياج ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەققى بار دەپ تونۇماستىن، ئۆز كۈچۈم بىلەن تاپتىم ئەمەسمۇ دەپ قارۇنچە مەغرۇرۇلىنىپ، پىرئەۋنچە چوڭچىلىق قىلىپ كىرەكلىك جەھەتلەرگە سەرپ قىلىشتىن بىخىللىق قىلىدىغان بايلارنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆزى خالىغانچە جازالايدۇ، بەزىسىنى قارۇندەك يەرگە يۇتقۇزسا، بەزىسىنى پىرئەۋننى سۇدا غەرق قىلغاندەك غەرق قىلىدۇ، بەزىسىنى بولسا ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگۈزگەندەك ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بولاڭچىلار، قاراقچىلار ۋە سويغۇنچى رىكوتىرلار تەرىپىدىن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلار ۋە بايلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ غەم ـ قايغۇ ئىچىدە تۇرىۋاتقانلارمۇ ئەنە ئاشۇ بىخىل بايلاردۇر. ئەمما سىخى بايلار مال ـ دۇنياسىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بەلكى راھەت، ھۇزۇر ئىچىدە ھايات سۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان باي بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە يىغقان ئاز ـ تولا بايلىقىنىڭ غىمىنى يىمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ بايلىقتىن ھىساب بىرىشنىڭ غىمىنى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بايلىقلىرىنى كىرەكلىك

تەرەپلەرگە سەرپ قىلىشتىن ھېچ بېخىللىق قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بەرىكەت بىلەن كۆپىيىپلا تۇرىدۇ. مانابۇ ــ رىيائىللىق.
بېخىللىقا ئادەتلەنگەن خەلق مال ــ دۇنياسىغا بېخىللىق قىلغانلىقتىن، جىنىدىن، نومۇسىدىن، ھەتتا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن بىر خەلقنىڭ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ۋەتىنى ئۈچۈن پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ ئۇنىڭ يولىدا جېنىنى بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ـ تارىخنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يەكۈنى.
پۇل ـ مال ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر. قولىمىزدىكىسى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگىنىدۇر. ئاللاھ تائالا بايلىقنى كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىغا، بىلىم ـ سەۋىيىسىگە ياكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئاساسەن بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ـ بىز يوقىرىدا ئېيتقاندەك ـ ، ئىنسان ياكى سىناق تەرىقىسىدە بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بايلارنى ۋە يوقسۇللارنى ياراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئوخشاش دىپلومغا، ئوخشاش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە، ئوخشاش ئىشتا ئىشلەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى باي قىلىدىغانلىقى، يەنە بىرىنى يوقسۇل ياكى بايدىن تۆۋەنرەك قىلىدىغانلىقى بىر رىيائىللىق. چۈنكى بايلىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، ئۇ خالىغان كىشىگە، خالىغانچە بېرىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدا ئاللاھ تائالا بايلار ئۈچۈن زاكاتنى پەرز قىلغاننىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي ياردەم، سەدەقە، ئېھسان ناملىرى ئاستىدا كۆپلىگەن ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرىغان. ھەتتا ئۆز ئىختىيارى بىلەن پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىر تىيىن پۇلى ئۈچۈن 700 تىيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىلىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋەدە قىلغان. بۇلار ياردەمنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتى بەس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (ھەر ۋاقىت) يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ھالدا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ تاپىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ».
يەنى، دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھېچ پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ، دېگەنلىك.

ئاللاھ ئاتالا بىخىللارنى زالىملىق بىلەن سۈپەتلەپ ۋە ئۇلارنى سۆكۈپ: «زالىملارغا ــ زاكاتنى بەرمىگەن ياكى پۇل ـ مېلىنى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە ياردەم قىلمىغانلارغا ھېچ قانداق مەدەتكار چىقمايدۇ» دەيدۇ.
رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بۇرۇنقى زاماندا قابۇس ئىسىملىك بىر چوڭ باي ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆلىدىغان ۋاقتىدا باللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مېنى تاۋۇتقا سالغاندا ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن سىرتقا چىقىرىپ قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغىنىدا: «مەن ئۆلمەيدىغاندەك پۇل ـ مال يىغىپ، ئۇنىڭدىن بۇدۇنيادا پايدىلىنالمىدىم، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈنمۇ بىر نەرسە ئاتىيالمىدىم، ئەمدى ئۆلگىنىمدە يىغقان دۇنيالىرىم شۇنداقلا قالدى، ئاخىرەتكە قۇرۇق قول كەتكىنىمنى كىشىلەر كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن!» دېگەن ئىكەن.
دۇنيادا پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان مىللەتنىڭ پۇل ـ مېلىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋىقى بولۇپ قالماقتا.
تارىخلاردا قەيت قىلىنىشىچە: ئانا ۋەتىنىمىزدە قانخور شىڭشىسەي ھۆكۈمران بولغان مەزگىلدە، ستالىن شىڭشىسەينى قەرزلەرنى تۆلەشكە قىستاپتۇ، شىڭشىسەي ستالىنغا ھال ئېيتىپ دەپتۇ:
ــ ھازىر بۇ قەرزلەرنى قانداق تۆلەپ بېرىشىمنى بىلمەيمەن، بۇ خەلق كونا تاملىق ئىچىدە ياشايدىغان، تۇرمۇش ساپاسى تۆۋەن نامرات بىر خەلق تۇرسا، قانداق قىلىپ بۇلاردىن بىر نەرسە يىغالايمەن.
ــ بۇ خەلق كونا تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ياشىغان بىلەن، چىقىرىپ خەجلىمىگەن بىلەن باي خەلق. بۇ خەلق ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرىنى ئاشۇ كونا تاملىق ئۆيلىرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلايدۇ، دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ستالىن شىڭشىسەيگە.
شىڭشىسەي ستالىننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئانا ۋەتەندىكى بارلىق بايلارنى يىغىپ ئەكىلىپ، ئۇلارغا دەپتۇ:
ــ چىرايلىقچە ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى چىقىرامسىلەر ياكى ئېچىنىشلىق ھالدا قىيىنىلىپ ئۆلەمسىلەر؟
بۇ ئارىدا ئىبرەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خەلقى ئالەمنىڭ كۆزىدە ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن،

كۈمۈشلەر كۈپلىرى بىلەن دۆۋە ـ دۆۋە توپلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شىڭشىيسەي ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ، قەرزلەرمۇ تۆلىنىپ ئېشىپتۇ.
ئىسلام تارىخلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان باغداتنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىسلام خەلىپىسى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ يولدىن ئېزىپ چىرىكلەشكەن باغدات پادىشاھىنى تىرىك تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئېرىتىپ ئاغزىغا قۇيۇپ ئازاپلاش بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا چىڭگىزخان جاۋاب بېرىپ: «بۇ پادىشاھ شۇنچە كۆپ ئالتۇننى ئوردىسىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلاپ ياتماستىن، ئۇنى سەرپ قىلىپ ئەسكەر كۈچى تەييارلاپ بىزگە قارشى تۇرغان بولسا، بەلكى مەملىكىتىنى ساقلاپ قالغان بولار ئېدى. سىلەرنىڭ بېخىللىقىڭلار سەۋەبىدىن ئاللاھ مېنى سىلەرگە جازا ئورنىدا ئەۋەتتى» دەپتۇ.
تارىخنىڭ يوقىرىقى ئاچچىق ساۋاقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ» ۋە «بېخىللىق قىلغۇچىلار بېخىللىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەزەلدىن تىرىشچانلىقتا، مەرد ۋە سېخىلىقتا ئۆلگىلىك بىر مىللەتمىز. بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزمۇ مەردلىكنىڭ، سېخىلىقنىڭ ئۆلگىلىرى بولغان ئىكەن. بۇنىڭغا تارىخىمىزدىن كۆپلەپ مىساللارنى كەلتۈرەلەيمىز. ھازىر كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بىر مىسالنى ئالايلى، ئەجدادلىرىمىز ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەنلىكتىن، ئەرەبىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە باشقا دۆلەتلەردە شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيىسىگە كۆرە ئەڭ ھەشەمەتلىك سانىلىدىغان ئېسىل بىنالارنى سېتىپ ئېلىپ، ئانا ۋەتىمىز خەلقى ئۈچۈن ۋەقىپ قىلىپ قويغان ئىكەن. ھازىر بۇرۇنقىلاردەك بايلىرىمىز يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ھەتتا بۇرۇنقىلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بايلار بار. گەپ بايلىقتا ئەمەس، بەلكى يۈرەكتە!
بۇ ئاددى بىر مىسال، مەن بۇ مىسالنى كەلتۈرۈش بىلەن بايلىرىمىزنى ۋەقىپ بىنا قىلىشقا تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى مىللىتىمنى ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولغان ئۇلۇغۋار بىناكارلىققا چاقىرماقچىمەن.

ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەقىپ بىنالىرىنىڭ ھازىرقى مەسئۇل بايلىرى يېڭىدىن بىنا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇرۇنقىلار قالدۇرغان بۇ بىنالارغا ئۆز ئالدىغا ھاكىممۇتلەقلەر بولىۋالغان، ئۇلار بۇ بىنالارنى ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرىۋالغان، كىرىملىرىنى بولسا خالىغانچە ئۆزلىرىلا يەيدۇ. مەزكۇر بىنالارنىڭ كىرىملىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر قايسى پەنلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ ئەمما كىشىلەردىكى شەخسىيەتچىلىك، ھارامخورلۇق بۇنداق قىلىشقا يول بەرمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ ھارامخورلىرى ئادەتتىكى ھارامخورلاردىن ئەمەس، بۇلار ھارام يېگەندە ئاز يېمەيدۇ، خۇددى مۈشۈك چاشقاننى يۇتقاندەك، قولىغا چۈشكەننىڭ ھەممىنى بىراقلا يۇتىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنى جەننەتنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ بولدۇق، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەبۇ جەھىلمۇ ئۆزىنى شۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنى دۇزاختىن بەلگىلىنىپ بولغان.
مەككە ـ مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى ھەرەمدە تۇرغانلارنى بىزنىڭ ساددا، نادان خەلقىمىز ئۇلۇغ ئادەملەر دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردىكى ئون مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئىچىدىن دىيانەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدۇ، بۇنداق زاتلار ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر، مىللىتىمىزگە ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك زاتلاردۇر. بۇنداق زاتلارنى قەلبىمىزدىن ھۆرمەتلىگىنىمىز كېلىدۇ. قالغانلىرى نە دىيانەتتىن، نە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن خەۋىرى بولمىغان، ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن نومۇس قىلىدىغان، يا ئەرەب بولالمىغان ياكى باشقا نەرسە بولالمىغان ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقلاردۇر. بۇلاردىنمۇ بەتتەر بولغان بەزىبىر مەخلۇقلار باركى، ئۇلارنىڭ سۈرىتى ئىنسان، قىلىقلىرى شەيتاننىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى مۇنداقلار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى خۇددى شەيتاندەك بويىيالايدۇ، ئۇلارنى يالغانلىرىغا ئىشەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا بۇنداقلارغا خۇددى شەيتانغا لەنەت ئوقۇغاندەك، قەدەمدە لەنەت ئوقۇغىمىز كېلىدۇ. ياخشى ئادەم موسكوۋادا بولسىمۇ ياخشى، ناچار ئادەم ئىككى ھەرەمدە بولسىمۇ بەرىبىر ناچاردۇر.
بىزدىكى سېخىلىق، پىداكارلىق، مېھماندوستلۇق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش روھىدىن ئىبارەت ئىسلامىي ئەخلاقىمىز ۋە مىللىي ئەنئەنىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئاجىزلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ

قالغانلىقتىن، ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ بىغەم، ھېسسىياتسىز ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانمىز. بۇرۇن ھاتەملەرنى تۇغقان ئۇيغۇر ئانىلىرى، ئەمدىلىكتە قارۇنلارنىلا تۇغمىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى، ئۆز دۆلىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرالىشى ۋە قەد كۆتىرىپ دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقى، بىر ـ بىرىنى يۆلەپ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشى ۋە خالىسانە ياردەملىشىشى بولسا كېرەك. ئۆز ئارا ياردەملەشمىگەن، بىر ـ بىرىنى قۇتقۇزمىغان بىر مىللەتنى باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىپ يۆلىشى ۋە خورلىقتىن، مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بايلىرىمىز يوقسۇللارغا خالىسانە ياردەم قىلىپ، ئوقۇيالمىغان بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ھەرخىل ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتىرىدىغان بولسا، كېلەچىكى ئۈمىدلىك، بەختلىك بىر مىللەت بولار ئىدۇق.

# كەڭ قورساق بولۇش

«بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆچمەنلىك قىلىشماڭلار، ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار».
ـ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
قەلبنىڭ ھەسەتتىن، ئاداۋەتتىن، دۈشمەنلىكتىن، ئۆچمەنلىكتىن ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەردىن ساغلام بولۇشى ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلاردۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى پاك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولىدۇ، باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ، ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. ھەسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بويىچە، «كېسەللىك» تۇر. خۇددى مېكروبلار بەدەننى كاردىن چىقارغىنىدەك، ھەسەت ھەسەت قىلغۇچىنىڭ روھىنى پۈچەكلەشتۈرىدۇ، چۈرىتىدۇ. ھەسەت ھەسەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى بارچە زىيىنى ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەم روھىي جەھەتتىن ھەمىشە بىئاراملىقتا ئۆتىدۇ، كېيىنچە، بۇ بىئاراملىق ئۇنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ ــ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى مەنىۋى كېسەللىك ماددىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرى شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىدۇ.
ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتكە بىرگە غەمكىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىغا بىرگە خۇشال بولىدۇ، ئۇلارغا كەلگەن ئامەتلەرگە قىزغانمايدۇ، ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرى قىلغان، قۇرئاندا قەيت قىلىنغان مۇنۇ دۇئانى قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، بەندىلىرىڭگە مېھرىبانسەن» (ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت).

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:
اپبر ىلۈ كيد الچسود، فان پبرك قاتــلھ.

النار تأكل نفسها ان لم تجد ما تأكله.

تەرجىمىسى:

سەۋر قىلغىن ھەسەت قىلسا، سەۋرىڭ ئۇنى ئۆلتۈرەر،

تۈگىگەندە يېقىلغۇ، ئوتمۇ ئۆزىن كۆيدۈرەر.

بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، ئۆزىدىن باشقىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئۆزلىرىدىن چىققان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى قوللىمايدىغان مىللەت يېتەكچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بېشىغا كەلگەن كاژلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداقلارنىڭ قۇربانىمىز.

# ئىناقلىق

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەر بىلەن، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمىشە ئىناق ۋە ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان: «ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار ۋە ئايرىلماڭلار» دەپ تەلىم بېرىدۇ. دۇنيادا كىشىلەرنى بىرلىككە، ئىناقلىققا چاقىرمايدىغان بىرەر دىن ياكى پەلسەپە تېپىلمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق مىللەت «بىرلىك كۈچ، ئىناقلىقتىن قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز: «بىرلەشكەن ئۇزار، ئايرىلغان تۇزار» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۆتمۈشلەردە بىز بىرلىكتە، ئىناقلىقتا باشقىلارغا ئۆلگە ياراتقان خەلقمىز. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر» يەنى «ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن» دەپ ئاتالغان. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇ نامغا لايىق بولماي تۇرماقتا. بىز يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن بىرى، ئىناقسىزلىقنىڭ دەرتلىرىنى ئاز تارتمىدۇق.

باشقا مىللەتلەر ئۆز ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىقلارنى، ئىختىلاپلارنى ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولۇپ، تەرەققىياتنىڭ چېقىغا ئەگىشىپ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەردە ئۇقتەك تېز ئىلگىرىلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، بىز تېخىچە ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى جېدەللىرى ۋە ئىختىلاپلىرىمىز بىلەن مەشغۇلمىز. قىسقىسى، باشقىلار تەرەققى قىلىپ ئايغا چىققانغا يېرىم ئەسىر بولاي دېدى، ئەمما بىز بۇرۇنقى ئىزىمىزدا توختاپ قالدۇق، دىندارلىرىمىزنىڭ ئۆمرى ”ئامىننى ئۈنلۈك دەيمىزمۇ ياكى ئىچىمىزدىمۇ؟“ دېگەنگە ئوخشاش كىچىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش، جېدەللىشىش، ھەتتا پىرقىلارغا ئايرىلىش بىلەن، ئاۋامنىڭ، ھەتتا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن بەزى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆمرى «سەن ئۇيەرلىك، مەن بۇيەرلىك» دەپ بىر ـ بىرىنى جەمئىيەتتىن يەكلەش، چەتكە قېقىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتمەكتە. بىز ھەمىشە ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى يۇرتۋازلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدىن يەكلەيمىز. يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەرگە ئائىت بولغان بىر ئىللەتتۇر. بىزمۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىشىمىز لازىم. بۇنداق جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى

ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشتۇر. ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن بۇنداق ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن يىمىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.
ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن خەزرەج، ئەۋس دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يىللار، ھەتتا ئەسىرلەر بويى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشكەن مەدىنىلىكلەرنىڭ ۋەھيىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە يەرشارىدىكى بارچە مىللەتلەر ئۈچۈن ئىناقلىقتا ئۆلگە بولغانلىقى تارىخ قەتئىي ئونۇتمايدىغان مەشھۇر بىر ۋەقەلىكتۇر. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆز ئارا بىرلەشكەندىن باشقا، مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلار بىلەن خۇددى نەسەبتىكى قېرىنداشلاردەك ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تەڭدىن بۆلۈشىدۇ، ھەتتا كۆپ ئاياللىرى بولغانلار مەككىدىن كەلگەن بويتاق مۇھاجىرلارغا ئاياللىرىدىن ئاجرىشىپ، ئىددەتلىرىنى توشقۇزۇپ ئۆيلەندۈرۈپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار شۇنداق بىرلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشى نەتىجىسىدە، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپ، ئاخىرى ئۈچ قىتئەنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولغان.
بىز نېمە ئۈچۈن بۇ تارىختىن ئىبرەت ئالمايمىز؟ ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۆزئارا بىرلىككە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچلىنىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئېگە قىلىشقا ھاۋا بىلەن سۇغا ھاجەت بولغاندەك زور ئېھتىياجلىقمىز. بىز بىرلىككە تولىمۇ مۇھتاج بولىۋاتقان بىر خەلقمىز. بىزمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئېسىل ياشىماقچى بولساق بىرلىشەيلى، ھېچ ئايرىلمايلى!

# ھەر ئىشتا ئۈمىدۋار بولۇڭ

ئۈمىد جاننى ياشارتىدىغان، كۆڭۈل شاد قىلىدىغان، ئىرادىنى كۈچەيتىدىغان، ئادەمنى كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزىدىغان سېھىرلىق نەرسىدۇر. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىمان بار قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ھەر ئىشتا، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئەڭ ئاۋۋال خارلۇقنى ئەزىزلىقتا، پېقىرلىقنى بايلىقتا، ئاجىزلىقنى قۇدرەتكە، قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىقتا، قۇللۇقنى ھۆرلۈككە ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك، چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قولدىشىدۇر. ئىمان بولغان قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. تارىخلار گۇۋاھكى، ئۈمىد كىشىلەرنى كۆز يەتمىگەن ئارمانلارغا ئېرىشتۈرگەن. بىز ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر قۇرئاننىڭ خەۋەرلىرىدۇر. ئەلۋەتتە. قۇرئان مەقسەتكە يېتىشتە ئۈمىدنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىزگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلغان. بۇقىسسىلەردىن بەزىسىنى مىسال ئۈچۈن قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى پايدىلىق دەپ ئويلايمەن.

**ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى**

ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىدۇ، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتىدۇ، ياقۇب ئەلەيھىسسالام قېرىپ ھەتتا كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، بىراق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشتىن ئىبارەت چىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ: «ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۈمىدىنى يېڭىلاپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ. يېنىدىكى ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق ئۈمىدتىن ۋازكېچىشىنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇ باللىرىغا: «ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار يۈسۈپنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار. چۈنكى كاپىر قەۋملاردىن باشقىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ» دەپ ئۇلارنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. ئاخىرى يۈسۈپ

ئەلەيھىسسالام تىپىلىشى بىلەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆتكەن ئۈمىدى گۈل ئاچىدۇ.

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى**

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋملىرىنى باشلاپ مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، ئارقىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەريا، ئارقىسىدا دۈشمەن، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا سىقىلىپ قالغىنىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرى ئەمدى بىز تۈگىشىدىغان بولدۇق دەپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشىدۇ، شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداق ئەمەس! بەلكى پەرۋەردىگارىم مېنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مېنى قۇتۇلۇشقا يېتەكلەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە چوقۇم قۇتۇلىدىغانلىق ئۈمىدىنى ئۇلارغا خاتىرلىتىدۇ. نەتىجىدە ۋەقەلىك قۇرئان بىزگە سۆزلەپ بەرگەندەك بولىدۇ: «بىز مۇساغا ”ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن“دەپ ۋەھىي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، ھەر بىر يېرىلغان قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق. مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق، ئاندىن پىرئەۋننى قوشۇنى بىلەن غەرق قىلدۇق»

**ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى**

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئارانلا 4 كىشى ئىدى. ئۇ مەككىدە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا 13 يىل دەۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ دەۋىتى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مەسخىرىلىرىگە، ئۆزى ۋە ساھابىلىرى ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا ئۇچرايدۇ، ساھابىلارنى بۇ يېڭى دىندىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئازاپلار ۋە بېسىملار چېكىدىن ئاشىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دىنىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ساھابىلىرىنى ۋاقىتلىق ھەبەشستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغىنىدا، تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا: «زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرنى قايتا بىرلەشتۈرىدۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يېڭى دىننى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ قويۇش سۇيىقەستلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدۇ:

تاشقىرىدىن قۇرەيش ۋە غەتفان قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ياندا‌شلىرى؛ ئىچىدىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار بىرلىشىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بىرلەشمە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەركىم ئۆز جېنىنى قوغداپ قېلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇنداق جىددىي سائەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاۋېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە بولغان چىن ئىمانى ۋە تولۇق ئۈمىدى بىلەن، ساھابىلىرىغا ئەتىكى غەلىبىلەردىن، كېلەچەكتىكى پەتھىلەردىن، ھەتتا پارس ۋە رۇم ئىمپېراتورلۇقلىرىنى يېڭىدىغانلىقىدىن سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن روھىي ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ، ئىشەنچ بىلەن ئىشلىرىغا داۋام قىلىدۇ، مۇناپىقلار بولسا: «مۇھەممەد كېلەچەكتىكى غەلىبىلەردىن سۆز ئاچىدۇ، ھالبۇكى، بىز ھازىر ئۆز جېنىمىزنى مۇداپىئە قىلالمايۋاتىمىز» دەپ ئۇنىڭ ۋەدىلىرىدىن شەكلىنىدۇ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىچكى دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، پارس ۋە رىم ئىمپېراتورلۇقلىرىنىمۇ تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقىدىن ئازات قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتەك ئىنسانىي ئەزىزلىقتا ۋە ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت يولىدا بىر غارغا كىرىۋالىدۇ، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن مۇشرىك كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئىزىنى تېپىۋالىدۇ ۋە غارنىڭ ئالدىدا توختاپ: ”مۇھەممەد چوقۇم مۇشۇ جايدا بار، بۇ جايدىن باشقا يەرگە كېتەلىگىنى يوق. ئەگەر ئۇ مۇشۇ جايدىن تېپىلمىسا، يا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ياكى يەرگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ“ دېيىشكەندە، ئەبۇ بەكرى قورقۇپ كېتىپ: «ئۇلار تۆۋەن تەرەپكە بىرلا قارىسىلا بىزنى ئەلۋەتتە تېپىۋالىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بولغان تولۇق ئىشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا بولغان چىن ئۈمىدى بىلەن ئۇنىڭغا : «ئىككىنىڭ ئۈچىنچىسى ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسەن!» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە چوقۇم نىجاتلىققا

ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى خاتىرلىتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككىسى مۇشرىكلارنىڭ چاقىرىقىغا چۈشمەستىن، مەدىنىگە سالامەت يېتىپ بارىدۇ.

دېمەك، ئۈمىد ــ ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىقىقا ئايلاندۇرىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، ھۇرۇنلۇقنى تىرىشچانلىققا ئۆزگەرتىدىغان، روھنى ئۈستۈن كۆتىرىدىغان ۋە مەقسەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىق كۈچتۇر.

ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىشى، كەشپىياتلارنىڭ ئېچىلىشى، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاسارەتتىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ئۈچۈنمۇ ئۈمىدنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەگەر ئالىملار ۋە كەشپىياتچىلار ئۆز زامانلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە كۆيايە قىلىپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئىزدەنمىگەن ۋە ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغان، مەجھۇللار يېشىلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە يېڭىلىقلار ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى. ئىنسانلار زامانىمىزدىكىدەك، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى.

خۇددى ئۈمىد ئىماننىڭ قولدىشى بولغىنىدەك، ئۈمىدسىزلىك كۇپرىلىقنىڭ جۆرىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىزمۇ: «ئۈمىدسىز ــ شەيتان» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۈمىدسىزلىك بىلەن، كۇپرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن سەۋەبچىدۇر. ئۈمىدسىزلىك كۇپرىلىقنى كەلتۈرىدۇ، كۇپرىلىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن(ۋە ياردىمىدىن) كاپىر قەۋمدىن باشقىسى ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ» دەيدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھالاكەت ئىككى ئىشتا: ئۇنىڭ بىرى، ئۈمىدسىزلىك؛ يەنە بىرى، مەغرۇرلۇق» دېگەن ئىكەن. ئىمام غازالى ئۇنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۈمىدسىزلىك بىلەن، مەغرۇرلۇقنىڭ ھالاكەت ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغانلىقىدىكى سىر شۇكى، يەتمەكچى بولغان ھەر قانداق ئارزۇ ـ ئارمان پەقەت ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئىزچىل تىرىشىش ۋە سەۋەب قىلىش ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۈمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا ئۇ يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۇنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۈمىدمۇ قىلمايدۇ، سەۋەبمۇ قىلمايدۇ. مەغرۇر ئۆزىنى مەقسەتكە يەتتىم، دەپ ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇ باشقىسىنى تەلەپ قىلمايدۇ ۋە ئۈمىدمۇ قىلمايدۇ، چۈنكى بار نەرسە سورالمايدۇ. ئارزۇ ـ ئارمان

ئۈمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا مۇمكىن ئەمەس، مەغرۇرنىڭ ئېتىقادىدا ھاسىل بولغان نەرسىدۇر».

بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان مىساللار كۆپتۇر. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا قازىنىش ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، ئۇ، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب، دەپتەر، قەلەم، مەكتەپ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچە قىلسىمۇ بەرىبىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قىلىنغان نەسىھەت، تەربىيە، مۇناسىپ مۇھىت، ئالاھىدە خۇسۇسى دەرسلەرنىڭ ھېچبىرى كار قىلمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە بولغان ئۈمىدى قايتىدىن تۇغۇلغاندىلا، دەرسكە كىرىشەلەيدۇ. شىپا تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كېسەلمۇ شۇنداقتۇر.

شۇنىڭدەك، ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشتىن ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقتىدا، يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زۇلمەت كۆرىنىدۇ، ئۇنىڭغا سەۋەبلەر تۈگىگەن، چارە قالمىغان، ئۆزى بولسا تۈگەشكەن بولۇپ ھېس قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۈمىدسىزلىكنى كۇپرىلىق دەپ كۆرسەتكەن. ئۈمىدسىز بولمايلى! ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بەختلىك ھاياتقا ئېگە بولۇش ئۈمىدىمىزنى كۈچەيتەيلى!

# تاماكا چېكىش تەن ساقلىقى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر

زامانىمىزدا تاماكىنىڭ ئىنسان ساقلىقىغا قاتتىق زىيانلىق بىر ئاپەت ئىكەنلىكى ھەركىمنىڭ نەزەرىدە شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىر ھەقىقەتكە ئايلانماقتا. تىببى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەجرىبىلەر بۇ ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرمەكتە. تاماكىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولغان زىيىنى بار، دېسەم نېمە دەيسىز! مەلۇمكى، ھەرقانداق بەڭگى ئاق چەكمەيدۇ. بىراق ھەر قانداق ئاق چەككۈچى بەڭگىدۇر!

تاماكىنىڭ تەركىبى

تاماكا ـ چەيزە ئائىلىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ياپراقلىرى ئاق كېلىدىغان ھىدى سېسىق بىرى خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ نىكوتىن، پۇتاس، نېكوتىيانى، كوللىدىي، ھىدروگېن، ئوكسگېن قاتارلىق ماددىلار بىلەن تەركىبلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك ماددىلاردۇر.

« تاماكا » سۆزىنىڭ ئەسلى ھىندىي تىلىدىكى «tobaco» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەيدىغان قاراش بار. يەنە بەزىلەر « tobaco »سۆزى مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى بولۇپ، تاماكىنىڭ شۇ جايدا تېپىلىپ كېيىنچە ئىسپانىيىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئارالنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان، دەپ قارايدۇ. تاماكىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى مەلۇم ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قايسى رايونىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. كولومبو ئۆزىنىڭ ئىسپانىيىلىك ھەمراھلىرى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى كەشپ قىلىش ئۈچۈن 1492 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بارغىنىدا، ئۇلار تاماكا ماددىسى بىلەن تونۇشقان ۋە شۇندىن بېرى تاماكا ماددىسى بارچە ياۋروپا قىتئەسىگە تارقالغان ئىكەن.

**تاماكا ماددىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى:**

1. تاماكا ياساپ چېكىلىدۇ.
2. سۈيىنى چىقىرىپ شىشىگە قاچىلاش ۋە تاتلىق شېكەر ياكى ھەسەل قاتارلىقلاردىن بىرىنى قوشۇش ئارقىلىق چېكىلىدۇ.
3. كەمپىت شەكلىدە ياسىلىپ چاينىلىدۇ.

4. بەزى كېسەللەرنىڭ بۇرنىغا داۋا ئورنىدا پۇرىتىلىدۇ.
تاماكىدىن تاماكا ياسالغاندا، ئۇ كۆپلىگەن خىمىيەۋى ماددىلار بىلەن ئارىلاشتۇرىلىدۇ. مەزكۇر ماددىلارنىڭ ھەممىسى تەن ساقلىق ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. بۇ ماددىلارنىڭ مۇھىملىرىدىن:
1. نىكوتىن : ئۇ زەھەرلىك خىمىيىۋى ماددىدۇر. ئۇنىڭ زەھەرلەش كۈچى شۇنچىلىك زور بولۇپ، 60 ملل گراممى نىكوتىننى شىپرىس بىلەن ئادەم بەدىنىگە سالغان ھامان ئادەم ئۆلىدۇ.
2. قەتران: تاماكا چەككەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىسىدىن فىلتىردا پەيدا بولىدىغان، خۇددى يوللارغا بېسىلىدىغان قارا مايغا ئوخشايدىغان ئاققۇچى خاراكتېرلىك ماددىدۇر. ھۆل ئوتئۇنلارنى كۆيدۈرگەندە ئۇنىڭ كۆيگەن يېرىنىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان قارا سۇغا ئوخشاش، تاماكا چېكىلگەندە پەيدا بولىدىغان قارا ئىسلىق ماددىدۇر.
3. ئوكسگېن.
4. ھىدروگېن.

**تاماكىغا يۈزلىنىشنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى:**
ئەنگىلىيىنىڭ ساۋسھامپىتون ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇلار تۆۋەندىكىچە:
1. ئۆزىنى بېسىۋېلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ھارغۇنلۇق ( بەڭگىلەرنىڭ تەبىرى بويىچە)
2. تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي بەدەننىڭ راھەت ھېس قىلىشى.
3. تاماقتىن كېيىن ياكى كوفى بىلەن تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىشنىڭ قالغانلىق سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن بېھاجەت بولۇشنىڭ قىيىنلىقى.
4. تاماكا تاماقنىڭ ئورنىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن. چۈنكى تاماكا ئىشتىھانى ئۆزايتىدۇ.
5. تاماكا چېكىدىغان دوستلار بىلەن ئارىلاشقانلىق سەۋەب بىلەن چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىش.
6. بەزىلەر كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ زورىغا تاماكا چېكىپ قويىدۇ.

7. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىكىنى ئىسپاتلىغانلىق دېگەن ئېتقاد بىلەن چېكىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھ سۇئۇد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بالىلارنىڭ بەڭگى ئاتا ـ ئانىلىرىنى دورىشى ۋە ئاتىلارنىڭمۇ ئۇلارنى توسماسلىقى.
2. بەڭگى دوستلار بىلەن ئارىلىشىش، خۇسۇسەن بالىلار يىگىتلىك ياشلىرىدا بەڭگىلەر بىلەن دوست بولۇشى.
3. بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى كۆرسىتىش دەۋاسى بىلەن زورىغا تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىۋېلىشى.
4. غەم ـ قايغۇ، ئەندىشىلەردىن قايسى بىر يول بىلەن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش مەقسىتى بىلەن كىشىلەر تاماكىغا يۈزلىنىدۇ.
5. تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا قاتتىق زىيانلىق ئىكەنلىكىگە ئېتىبار بەرمەسلىك.
6. ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە سەۋر ـ تاقەتنىڭ كەملىكى.

**تاماكىنىڭ زىيانلىرى :**

تاماكىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ يۈرەك، ئۆپكە، نەپەس سىقىلىش، ئاشقازان ، جىنسىي ۋە باشقىمۇ كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تەجرىبىلەر تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يوقىرىقى يەكۈنلىرىنى ئىسپاتلىماقتا.

**تاماكىنىڭ بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى:**

1. ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار تاماكائاارقىلىق گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلەرنى ئىشلەيدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ.
2. تاماكا چېكىدىغانلارغا ئارىلاشقان بالىلار تەدرىجىي تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.
3. ئاتا ـ ئاناسى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىپ، كونترول قىلىنىپ تۇرمىغان بالىلار تاماكا چېكىش ۋە باشقىمۇ يامان ئادەتلەرگە تېز لا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

**بىگۇناھ نارسىدە بالىلارغا تاماكىنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى:**
1. ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلارنىڭ ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى كۆچلۈكتۇر.
2. ئېغىر ئاياق ئاياللارنىڭ تاماكا چېكىشى توغۇلغان بۇۋاقلاردا بەزى كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.
3. ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلاردا نەپەس سىقىلىش، بۇرۇن ۋە بوغۇز ئېلىرگىيىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا بولىدۇ.
4. ئاتا ـ ئانىسى ياكى بۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققى قىلالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسى تاماكا چەكمەيدىغان بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بۇنى ئىسپاتلىغان.

**تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى:**
بارلىق ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقىمۇ ھەر ساھە ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن تاماكا چېكىش، تاماكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى تاماكا ئۆزى نىجىس ھارام نەرسە، ئۇ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەردىنمۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا ئۇ ئىسلام شەرىئىتى قانۇنى بويىچە قەتئىي ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن :« ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار»، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە ئىتتىرمەڭلار » ۋە « ئاللاھ سىلەرگە پاك نەسىلەرنى ھالال قىلدى ۋە نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلدى» مۇندىن باشقىمۇ بۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەر كۆپتۇر.

**تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش:**
تاماكىنىڭ زىيىنى ھاراقتىنمۇ چوڭ. ئۇنىڭ خۇمارى ھاراق خۇمارىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. تاماكا ئەنە شۇنداق يامان ئاپەت. تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىش چىقىش ئەڭ قىيىن بولغان خەتەرلىك بىر يولنى تاللىۋالغانلىقتۇر. زىيانلىق

ماددىلار ئىچىدە تاماكا ئىنسان ساقلىقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۈستى يېپىق جايلاردا، خۇسۇسەن،ئىش ئورۇنلىرىدا تاماكا چېكىشىنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىپ كەلمەكتە. لېكىن تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن ماددىسىنىڭ تاماكا چەككۈچىلەر بەدىنىدە قوزغاش كۈچىنىڭ زورلۇقى ۋە بەدەننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ ئازاپلانماقتا. بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتقاندا تاماكا دېگەن بۇ نىجىس نەرسە ئەڭ ئېسىل غىزالاردىنمۇ لەززەتلىك كۆرۈنىدۇ. تاماكىسى تۈگەپ قالغان بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتقان ۋاقىتتا تەكىپۇلىقى بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىمۇ ياخشى بولالمايدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ تاماكا چېكىپ خۇمارىدىن چىقمىغىچە قولى ئىشقا بارمايدۇ.

مانا، تاماكا دېگەن ئەنە شۇنداق يامان ئاپەت. بەڭگىلىك دېگەن ئەنە شۇنداق ئاۋارىچىلىق ۋە كېسەللىكتۇر. تېخى ئۇنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن تارتىدىغان زىيانلىرى ئايرىمدۇر. تاماكا چەكمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىر دەردى يوقتۇر.

تاماكىنىڭ زىيانلىرى ۋە ئاۋارىچىلىقلىرى شۇنداق كۆپ بولغان ئىكەن، ئۇنى چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. «ساقلىنىش داۋالىنىشتىن ئەۋزەل» دەيدىغان ھېكمەت ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان.

**تاماكىغا ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش چارىلىرى**

تاماكىغا ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان چارە - تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن ئىمكان قەدەر ئارىلاشماسلىق. ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چارىسىز ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، تاماكىغا سەلبىي نەزەر بىلەن قاراش، ئۇنى بىر خەتەرلىك ئاپەت دەپ تونۇش ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش.

2. ئۆگىنىپ قالمايمەن دېگەن ئىشەنچ بىلەن بىر قېتىم، ئىككى قېتىم چېكىپ بېقىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش.

3. تاماكىغا زورلىغۇچىلارغا قەتئىي بوي ئەگمەسلىك ۋە شۇنداق ئەھۋالغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى قىلىش.

4. تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلاردىن ئازىنى قاچۇرۇش. ئامالسىز قاتنىشىپ قالغاندىمۇ، بەكگىلەردىن يىراقراق ئولتۇرۇش.
5. سىزگە تاماكا سۇنغان كىشى ھەر قانچە يېقىن كىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلماستىن قەتئىي رەت قىلىش.

**باللارنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. ئۇلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۆگۈنى، ئەتىسى ۋە پارلاق كېلەچىكىدۇر. باللارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زور خوشاللىقى بولغىنىدەك، باللارنىڭ بەختسىزلىكى ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ خوشاللىقى بىلەن ئالەمچە سائادەتكە چۆمگەندەك، بالىلىرىنىڭ غەمكىنلىكى بىلەن تۆگشىپ كېتىدۇ. دۇنيادا ھەرقاندا ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە زىيان ـ زەخمەتلەردىن يىراق بولۇشىنى تىلەيدۇ.

باللارنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇلار بالىلىرى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەردىن مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر:

1. ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنى كۈچەيتىشى، ھالال ـ ھارام، ياخشى ـ يامان ۋە توغرا ـ خاتالارنىڭ ھەممىنى ئۇلارغا توغرا يوسۇندا بىلدۈرۈشى ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈشى.
2. تەقۋادارلىق ۋە ئېسىل ئەخلاقلاردا بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇشى.
3. بالىلىرىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى ئۆز كونترولى ئاستىغا ئېلىشى. ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ۋە سومكىلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى.
4. بالىلىرىنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە خوشنىلىرىنى ئېنىق بىلىشى ۋە بالدىلىرىنى ئەخلاقسىز، يامان، بەكگى باللارغا قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىقى.
5. بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى مۇئەللىملىرىدىن ۋە ياخشى ساۋاقداشلىرىدىن ئىگەللەپ تۇرۇشى.
6. تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلارغا بالىلىرىنى ئېلىپ بارماسلىقى ۋە بېرىشتىن مەنئى قىلىشى.

7. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى بالىلىرىنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەسلىكى، ئۆيدە تاماكا ساقلىماسلىقى.
8. بالىلىرىنىڭ بىرەر قېتىم تاماكا چەككەنلىكىنى ياكى بەڭگى بالىلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان هامان بالىلىرىنى قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئاگاهلاندۇرۇشى ۋە قايتا قىلماسلىقا ۋەدە ئېلىشى.
9. بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاهقا سىغىنىپ هەر دايىم دۇئا قىلىشى.
10. تاماكا، هاراق، ئاق چېكىملىك ۋە باشقىمۇ زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ خەتىرىدىن بالىلىرىنى هەمىشە ئاگاهلاندۇرۇپ تۇرۇشى.

**قانداق قىلغاندا تاماكىنى تاشلىغىلى بولىدۇ؟**

دۇنيادا هەر قانداق بىر مۈشكىلىنىڭ چىقىش يولى بولىدۇ. تاماكىنى تاشلاش ئىشى شۇنچىلىك قىيىن كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاشلاش مۇمكىندۇر. تۆۋەندىكىلەر تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن ياردەمچى بولالايدۇ:
1. ئاللاه تائالاغا سىغىنىپ دۇئا قىلىش ۋە بۇ ئىجىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاه تائالاغا چىن ئېسىلىش. ئاللاه تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن» دەپ ئوچۇق جاكارلىدى. ئاللاه تائالا نىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىشىدا شەك يوق. ئەمما دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ هالالدىن بولۇشى، دۇئانى ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنچ بىلەن قىلىش، دۇئادا راستچىل، سەمىمىي بولۇش، ئاللاهنىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ، دەپ دۇئادىن زېرىكمەسلىك ۋە باشقىلار.
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاللاه تائالا غا دۇئادىن ئېيىسىل كۆرىنىدىغان نەرسە يوقتۇر». يەنە ئۇ مۇنداق دېگەن:« كېسەللىرىڭلارنى پېقىرلارغا خەير ـ ئېهسان قىلىش بىلەن داۋالاڭلار، ماللىرىڭلارنى زاكات بىلەن ساقلاڭلار ۋە بالالارغا دۇئا بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار».
2. ئاللاه تائالا غا تەقۋالىق قىلىش، يەنى ئاللاه تائالا غا سىغىنىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان ئىشلاردىن قېچىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ هىمايىسىگە ئىگە بولۇش. ئاللاه تائالانىڭ هىمايىسىگە ئېرىشكەن كىشىنى ئاللاه تائالا هېچ ۋاقىت زىيانغا

ئۇچراتمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ» ۋە «كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ»، دەپ كۆرسەتكەن.

3. تاماكىنى دەر هال تاشلاش. ئۇنى دەرهال تاشلاش ئالاهىدە چىن ئىرادە باغلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. لېكىن ئۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قىيىن ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنى قىيىن كۆرگەن كىشى رامازان كۈنلىرىدىكى هالىنى ئەسكە ئالسا بولىدۇ. رامازان كۈنلىرىدىمۇ ئۇ يېمەك - ئىچمەك، تاماكا چېكىش ۋە باشقىمۇ ئىشلاردىن مەجبۇرى ئۆزىنى توسىدۇ. بۈگۈن تاشلايمەن، ئەتە تاشلايمەن دەپ كەينىگە سوزۇش شەيتاننىڭ قامىقىغا ئېسىلغانلىق بولۇپ. شەيتانىي نەپس ئۇنى تاشلاشقا پۇرسەت بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، تاماكىنى تاشلاش قارارىغا كەلگەن هامان ئۇنىڭدىن دەرهال قول ئۈزۈشتۇر.

تاماكىنى دەرهال تاشلاش ۋە تاماكا چەكمەسلىككە ئادەتلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش كېرەك:

1. تاماكا چېكىدىغانلارغا ئارىلاشماسلىق.

2. تاماكا چېكىش ئەسناسىدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن شەيئىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى تەرك ئېتىش.

3. گىمناستىكا هەرىكەتلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش.

4. مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش.

5. تاماكا خومارى تۇتقان بىر قانچە مىنۇتلۇق قىيىنچىلىققا سەۋر بىلەن تاقابىل تۇرۇش. شۇ بىر قانچە مىنۇتقا چىدىغان ئادەم ئۇنى تاشلاپ كېتەلەيدۇ.

6 .ئۈگىنىپ قالغان يامان ئادەتنى تاشلاشتا ، ئۇنى تاشلاشقا بولغان چىن ئىرادە ۋە ئۇنىڭغا قايتماسلىققا رەسمىي بەل باغلاشنىڭ رولى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خومارى تۇتقان ۋاقىتتا ئۆزىنى توتۇۋېلىش، خىيالىنى باشقا ياققا بۇرۇش، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش بىرقانچە مىنۇتلۇق بۇ خۇمارنى ئۇنتۇتۇشقا ئالاهىدە ياردەمچى بولىدۇ.

**تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر**

تەلىم - تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

1. تاماكا ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان ماددىلاردىن ياسالغان مەخسۇس رېتسېپلارنى چاينىاش تاماكىغا بولغان ئېھتىياجنى پەسەيتىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنى تاماكا چېكىشكە ئادەتلەندۈرۈپ قويغان نەرسە ئۇنىڭدىكى نىكوتىن ماددىسىدۇر. مىسۋاك قوللىنىشمۇ تاماكىنى تاشلاشقا ياردەمچى بولىدۇ. خومار قاتتىق تۇتقان لەھزىلەردە مىسۋاكنى ئېغىزدىن چىقارماي تۇرۇش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنداقلا چىشلارنى يۇيۇپ تۇرۇشمۇ ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىدۇ.

2. تاماكىنى تەدرىجىي تاشلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ كۈندىلىك چېكىدىغان تاماكا نىسبىتىنى ئازايتىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: كۈنىگە بىر پاچكا چېكىدىغان كىشى ئۇنى بىر ياكى ئىككى تالغا چۈشۈرۈشى، ئىمكان قەدەر ئاز چېكىشكە تىرىشىش ئارقىلىق بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك چارە، يوقىرىدا ئېيتىلغاندەك ــ دەرھال تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

تاماكا چەكمەيدىغان ھەمراھلار بىلەن بىرگە سەيلىگە ۋە سەپەرلەرگە چىقىش. شۇ ئارقىلىق تاماكا چەكمەسلىككە ئۆزىنى كۆندۈرۈش مۇمكىندۇر. لېكىن بۇ ئەسنادا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ھەتتا ئۆزىگە تاماكا ھەققىدە خىيال سۈرۈشكىمۇ پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

3. تاماكىغا قارشى تۇرىدىغان مەخسۇس تىببىي مەركەزلىرى بولىدۇ. ئۇلار خىتاي يىڭنىلىرى ۋە بەزى دورىلار ئارقىلىق تاماكىنى تاشلىماقچى بولغانلارنى داۋالايدۇ. بۇ ئورۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىشمۇ ئالاھىدە ياردەمچى بولىدۇ.

4. تاماكا چېكىدىغان دوستلاردىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا بارماسلىق ۋە تاماكا چەكمەيدىغانلار بىلەن كۆپ بېرىلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى چەكمەسلىككە كۆندۈرۈش.

5. بىرەر ياكى ئىككى قېتىم مەغلۇب بولۇش بىلەن مەيۈسلەنمەسلىك ۋە ئۇنى تاشلىيالايدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىك كېرەك. ئادەتتە تاماكىنى تاشلىماقچى بولغانلاردىن 60% كىشى ئىرادىسىدىن يېڭىلىپ يەنە تاماكا چېكىش ئادىتىگە قايتىدۇ. لېكىن تاشلىماقچى بولغان ئادەم بىرەر ياكى ئىككى قېتىم يېڭىلگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاجىز نوقتىسىنى بىلىۋېلىپ، بارچە ھىممىتى ۋە كۈچىنى شۇ ئاجىزلىق تەرىپىنى يېڭىش يولىغا سەرپ قىلىدىكەن، ئۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە ئاخىرى چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ. ئىرادىلىك ئادەم ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئاجىزلىق نوقتىسىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلمەسلىك

ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. مەلۇمكى، ھارماي كۆرەش قىلغانلار ئاخىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

6.ئۆز ـ ئۆزىگە سۆز بېرىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان قانچىلىك سۆزىدە تۇرمايدىغان يالغانچى بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئالدىماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ۋىجدانى ئوتتۇرىسىدا سەممىيەت بولۇشى كېرەك. تاماكىنى قەتئىي تاشلاش ئۈچۈن ئۆزىگە چىن ۋەدە بەرگەن ئادەم ھەر ۋاقىت خومارى تۇتۇپ ۋەدىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىدا ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ۋە ئۆزىنى ئالدىماسلىقى كېرەكلىنى ئويلاپمۇ ۋەدىسىنى بۇزۇشتىن يانىدۇ.

7.يوقىرىقى ئۇسۇللار بىلەنمۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە غەلىبە قىلالمىغانلار ئۈچۈن، يەنە بىر چارىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، تاماكا چەكمەسلىككە قەسەم قىلىش. ئەگەر قەسىمىدە تۇرالماي گۇناھكار بولۇپ قېلىشىدىن قورقسا، ۋاقىتلىق قەسەم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر يىللىق، ئۈچ ئايلىق، بىر ئايلىق. بۇ ئۇسۇل بىلەن تاماكا چېكىشنى تاشلىغانلارمۇ كۆپ.

# باللار تەربىيىسى ھەققىدە

باللار ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان  نېمەتلەر ئىچىدىن ئالاھىدە چوڭ نېمەت ۋە شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك ئامانەتتۇر. باللارنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن، دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق ھەم يارامىلىق ئەزىمەتلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەر قانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈنىڭدىن باش تارتالمايدىغان ئۇلۇغ بۇرچىدۇر. باللارنى يوقىرىقىدەك ئەزىمەتلەردىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلاردا پەزىلەتلەرنى، گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋە ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش شەرتتۇر. ئېنىقكى، پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەرنىڭ مەنبىئى دىندۇر. تەربىيە بابىدا دىن ئەڭ يېگىلمەس ئىلاھىي مەنبەدۇر. بېرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان شەخس قارارسىز شەخستۇر، شۇنداقلا بېرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ـ پەن ـ تېخنىكىدا ۋە باشقا ساھەلەردە قانچىلىك تەرەققى قىلغان، باياشاتلىق، ساپالىق تۇرمۇشتا قانچىلىك ئىلگىرىلىگەن بولۇپ كەتسۇن ـ بەربىر مەنىۋىياتتىن مەھرۇم، جاڭگاللىقتا ئوخشاش بىر جەمئىيەتتۇر. چۈنكى، ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا يېڭىلىقلىرى كىشىلەرگە تۇرمۇشتىكى بەزى ئوڭايلىقلارنى ۋە باياشاتلىقنىڭ ۋاستىلىرىنى يارىتىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا پەزىلەت، ئەخلاق ۋە سائادەتنى بېرەلىگىنى يوق. كىشىلەر ھازىرقى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان ئەسرنى«تەرەققى قىلغان ئەسر»، «كەشپىيات ئەسرى» ۋە «كومپيۇتېر ئەسرى» دەپ ئاتىسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى «پەزىلەت ئەسرى» ياكى «سائادەت ئەسرى» دېيەلمەيدۇ. زامانىمىزدا ئىنسانلاردىكى پەزىلەتلەرنىڭ بارغانسېرى يوقىلىشقا قاراپ كېتىپ بارغانلىقى، ئەخلاقنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى، دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك شاقاۋەتلەر ئىچىدە تولغىنىۋاتقانلىقى دېگەنلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى سائادەتنى پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى تۇرمۇشتىكى تېخنىكىلىشىش بېرەلمەيدۇ، بەلكى سائادەتنى ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن كۆڭۈلنىڭ تېچلىقى بېرەلەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ» دەيدۇ.

بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پەيلاسوپلار، ھەتتا ئادەتتىكى ئاتېيستتىك پىكرىدىكى ئىنسانلارمۇ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدا، سۇلۇكىدا ۋە باشقا تەرەپلىرىدە كۆرستىپ كېلىۋاتقان چوڭقۇر ئىجابىي تەسىرلىرىنى ئىنكار قىلالمىغان. ھەتتا پەيلاسوپلاردىن بەزىسى: «ئەگەر ئاللاھ بولمىغان بولسا ئېدى، ئۇنى يارىتىشقا توغرا كېلەتتى» دېسە، بەزىلىرى: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا شەك قىلامسىلەر؟ ئەگەر ئاللاھ بولمىغان بولسا، ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان، خىزمەتچىم مېنىڭدىن قولىغا چىققاننى ئوغۇرلىغان بولاتتى» دېگەنىكەن.
بەزىلەر ۋىجدان بولىدىكەن، دىنغا ھاجەت يوق، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ خاتادۇر. چۈنكى بۇ، ئىلمىي نەزەرىيە بولالمايدۇ، بەلكى ئىلمىي نەزەرىيە ئۇنىڭ زىتتىنى سۆزلەيدۇ. ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىچكى قاتلىمىدا كۆز بىلەن كۆرۈلمەيدىغان، پەقەت ئۆز ئىگىسىلا ھېس قىلىدىغان «ۋىجدان» دەپ ئاتالغان بىر كۈچنىڭ بار ئىكەنلىكى ئېنىق بىر ھەقىقەت. بۇ ۋىجداننىڭ بار بولغانلىقى يېتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي تەربىيە بىلەن كۈچلىنىشكە ئېھتىياجى بولمايدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇ ۋىجدان ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمىدىغان، ئاتىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى خوتۇن قىلىدىغان ۋە باشقا ۋەھشىلىكلەردىن توسالمىغان؟ نېمە ئۈچۈن ئىسلامىيەتتىن كېيىن شۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۈچۈن ۋىجدان ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلەردە ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا مەڭگۈلۈك مەدھىيىلىنىشكە سازاۋەر بولدى؟ تەبىئىيكى، ۋەھيىنىڭ تەربىيىسى ئۇلارنىڭ ئۈلگەن ۋىجدان ۋە قەلبلىرىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ۋە ۋىجدانلىرىنى تەربىيە بىلەن شۇنداق ئۆزگەرتكەن.
دېمەك، خۇددى يامغۇر سۈيى قورغاقچىلىقتىن قۇرۇپ ئۈلگەن زېمىنلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ ياشارتقاندەك، دىنىي تەربىيە ئۈلگەن ۋىجدانلارنى ۋە قەلبلەرنى ئىمان نۇرى بىلەن شۇنداق تىرىلدۈرۈپ ياشارتىدۇ. دىنىي تەربىيەنىڭ ھاياتتىكى رولىنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەنلەر پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى باشقا دىندىكىلەر، ھەتتا بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ سۆزلىگەن ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلالمىغان.
ئامېرىكىلىق پىسخولوگىيە ئالىمى ھېنرى لىنك «ئىمانغا قايتىش» ناملىق ئەسرىدە بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇنىسى ئېنىقكى، بالىلار خاراكتېر ۋە ئىرسىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق

كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېنىدىن سىڭىپ كىرگەن ئىرسىيىتى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كەتمىسۇن، بەرىبىر ئۇلار ياخشى ئادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىشكە مۇھتاجدۇر. ئۇلارغا ياخشى ئادەت، گۈزەل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈش ئىشى نىزامسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر قىلغۇدەك ۋاسىتىلارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. زامانىمىزدا ئاتىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيلەش ئىشىدا قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقى بىر رېئاللىق. ئۇلار بالىلىرىغا ياخشى ئادەت ۋەگۈزەل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈش يولىدا باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە بەكمۇ مۇھتاجدۇر. ئاتىلارنىڭ بۇ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا، ئەقلىي، پسىخىك جەھەتلەردىن ئىزدىنىدىغان بولساق، بۇ ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىدىغان نەرسىنىڭ پەقەت دىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە، كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ئاخىرەت كۈندە ياخشى ـ يامانىنىڭ سورىقى بولىدىغانلىقىغا بولغان چىن ئىمان ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ يېڭىلمەس، ئەڭ ئىشەنچلىك ھەل قىلغۇچ بىر ئاساسنى يارىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بالىلىرىنىڭ قەلبىگە ياخشى ئادەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى سىڭدۈرۈش ئىشىدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق دىنىي ئاساس بولمايدىكەن، ھېچقانداق ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا توغرا ـ خاتانى، ياخشى ـ يامانىنى توغرا شەكىلدە ئۆگىتىپ چىقىشتا نەتىجە ئالالمايدۇ.

بالىلار چوڭىغانسېرى جەمئىيەت، مەكتەپ، دوستلار ۋە خوشنىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۆگىنىشى ۋە ئەخلاقلىنىشى زۆرۈر بولغان ياخشى ئادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلاردىن نېسۋە ئالالمايدۇ. تەربىيە ئەڭ خەتەرلىك ۋە قىيىن بىر مەسئۇلىيەتتۇر. زامانىمىزدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ جەھەتتە قىينىلىۋاتقانلىقى ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئەڭ ياخشى شاھىتتۇر. دىن ئىنسانىنىڭ ئەقلىي ۋە خۇلقىي مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىش يولىدىكى ئەڭ يېڭىلمەس مەنبەدۇر. ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار ۋە جەمئىيەت ھېچقاچان بۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

كىچىكىدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە ياخشى ـ يامانىنىڭ تارازىسى دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بالا ياخشى ئادەت ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق جەۋھەرنى قازانغان بولىدۇ.

ئىبادەت ئورۇنلىرىدىن ئالىدىغانلىرىمىز قانچىلىك سەۋىيىدە بولمىسۇن، ئىبادەتگاھلىرىغا بېرىشقا داۋام قىلىش، دىنىي ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇش بىزنىڭ ياخشى - ياماننى - توغرا - خاتانى پەرقلەندۈرەلەيدىغان توغرا بىر ئاساسقا ئىگە بولىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەدەتكاردۇر، شۇنداقلا ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە رولىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئەخلاقىمىزنى يېتىلدۈرۈشتە يوقىرىقىلارنى ئاتا - ئانىلار، جەمئىيەت، خۇسۇسەن بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق دەپ ئىشىنىمىز.

كۆزىمىز ئالدىدا تۇرغان رېئاللىق شۇكى، ئاتا - ئانىسى ئىبادەتگاھلىرىغا بارىدىغان بالىلار بىلەن، ئاتا - ئانىسى ئىبادەتگاھلىرىغا بارمايدىغان بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاۋۋالقىلار ئۆزلىرىگە گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئون مىڭ كىشى ئۈستىدە ئۆزۈم بېۋاستە ئېلىپ بارغان تەھلىل ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە ماڭا شۇنداق ئايان بولدىكى، ئىبادەتگاھلىرىغا بېرىپ تۇرىدىغانلار، بارمايدىغانلارغا نىسبەتەن گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەت ۋە ئىنساپ - ئادالەت جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ چىقتى.

بالىلارغا ياخشى ئادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىلگەنلەرنى چۈشەنمەستىن قوبۇل قىلىدىغان چاغلىرىدۇر. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا دىنىي تەربىيە بەرمەي ياكى ئىبادەت گاھلىرىغا ئەۋەتمەي ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنى چۈشىنىدىغان ياشقا يېتىپ قالسا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى بارلىق ناچارلىقلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىنى يوقاتقان بولىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش دەۋرىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. بىزنى ئەجدادلىرىمىزدا بولغان دىيانەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەرگە باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە پەقەت دىندۇر. دىندىن باشقىسى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايدۇ».

يۇقىرىقىلار يالغۇز ھېنرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئىنسانلارنى، خۇسۇسەن بالىلارنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەر دائىرىسىدە ۋەتەن، مىللەتكە پايدىلىق ئەزىمەتلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يېگىلمەس بىر ئىرفان

مەنبەئى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتالمىغان تەربىيە ۋە پسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىردەك پىكرىدۇر.
دىن بىلەن ئەخلاقلىنىشقا چاقىرىدىغانلارنىڭ تولىسى دىننى ھىمايە قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ خۇلقىي، نەپسىي ۋە ئەقلىي مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا دىنغا يۈلىنىشتىن باشقا بىرەر يېڭىلمەس مەنبەنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەجبۇرى ھالدا دىنغا قايتىشنى تەرغىپ قىلغۇچىلاردۇر.
ئەمما بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا ھەل قىلغان ـ بالىلارنى كىچىكىدىن دىن تەربىيىسى بىلەن يېتىشتۈرۈش، مەسچىتلەرگە، ئاممىۋى دىنىي سورۇنلارغا ئېلىپ بېرىش، ئۇلارغا ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراپ، سالام بېرىپ كىرىش قاتارلىق ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.
دېمەك، ئىسلام دىنى بالىلار ئۈچۈن يوقىرىسى ئىماندىن باشلاپ، ئەدناسى يول يۈرگەندە ئاتا ـ ئانىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مېڭىشقىچە بولغان پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگەتكەن. بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتىمىزنىڭ كېپىلى چوقۇم ئىسلام دىنىدۇر! دىنىمىزدا بېكىتىلگەن تەلىماتلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش بىزنىڭ مەڭگۈلۈك سائادەتلەرگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

# يەر يۈزىگە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى كېرەك

**يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن باشقىسى يارىمايدۇ**

كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە تەتبىق قىلىشى ئارقىلىق ئامانلىق ئىچىدە بەھۇزۇر ھايات سۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئالاھىدە قانۇن بەلگىلەپ بەرگەن. يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلار ئىنسانلارنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك ھايات سۈرۈشىگە كېپىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان بارلىق قانۇنلار ئىنسان ئەقلىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، مۇنداق قانۇنلار بىر دەۋرگە يارىغان بولسا، باشقا دەۋرلەرگە يارىماي قالىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، ئىسلاھ قىلىشلارغا مۇھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى قانۇنلارنى لايىھىلىگەنلەر قانچىلىك كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان ئالىملاردىن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغانلارنى بىلمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ لايىھىلىگەن قانۇنلىرى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يەر يۈزىگە قانۇن لايىھىلەشتە ئاللاھ تائالادىن ھەقلىق بولغان بىرسى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ، جۈملىدىن يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانلارنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى. ھەر قانداق ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇزۇلسا قانداق ئىسلاھ قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلىق ۋەزىپىلىرىنى قانداق ئادا قىلىشى، مۇشكىلاتلىرىنى قانداق ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇبدان بىلگەچكە ئۇلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئىجرا قىلىنىدىغان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالمايدىغان، ھەر قانداق مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلالايدىغان ئەبەدىي قانۇنلارنى لايىھىلەپ بەرگەن. شۇڭا يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن باشقىسى يارىمايدۇ. مەسىلەن: تېلېۋىزورنى ئىجاد قىلغان ئىجادكار ئۇنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى، رەڭگىنى، ئاۋازىنى يوقىرى ـ تۆۋەن قىلىپ قانداق تەڭشەيدىغانلىقىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ ۋە كىشىلەرگە شۇ تەرىقىدە

قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلىپ كىتابچىنى قوشۇپ بېرىدۇ. تېلېۋىزور بۇزۇلسا ئۇنى پەقەت ئۇنىڭغا مۇتەخەسسىس بولغانلار تۈزەلەيدۇ. ئەگەر سىز تېلېۋىزورنى ئوڭشىتىش ئۈچۈن ياغاچچىنى ياكى تۆمۈرچىنى چاقىرسىڭىز ئۇلار تېلېۋىزورنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئاڭلىغانلارمۇ سىزنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەسلىدە مەسخىرە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولسا ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ لايىھىلەپ بەرگەن قانۇنلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئەقلىغا ئىشىنىپ يەرلىك قانۇنلارغا باش ئۇرغانلىقىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتتى، ئۇلار ئۈچۈن قانۇن لايىھىلەپ كىتابلارنى چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. قانۇن لايىھىلەش ھەققى كائىناتنىڭ سىرلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغانلارنى بىلىدىغان بىرسىگە ئائىتتۇر. ئۇ بولسا ئاللاھتۇر. ئىنسانلار كائىناتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ، ئورگانلىرىنىڭ ئىشلەش سىستېمىلىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلىمىز دېگۈچىلەر بولسا، قېنى ئېيتىپ باقسۇن! جان دېگەن قانداق نەرسە؟ ئۇ نەدە؟ ئەقىل دېگەن نېمە؟ بىر قېتىملىق تاماقنى ھەزىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاشقازان قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ؟ قىزىل قان قانداق بولۇپ ئاق سۈتكە ئايلىنىدۇ؟

**يەرلىك قانۇنلار يېتەرسىز**

ئىنسان ئەقلى بىلەن لايىھىلىگەن قانۇنلار ئۇلارنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلالماي، ئەكسىچە ئۇلارنى تۈرلۈك شاقاۋەتلەر گىرداۋىغا تاشلىماقتا. مەلۇم شارائىت ۋە مەلۇم زامانلارنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈلگەن بۇ قانۇنلار زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن جەمئىيەتكە يارىمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلالمايدىغان بولۇپ قالماقتا. ھەر قانچە ئادالەتلىك دېيىلگەن قانۇنلارمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرتىشلەرگە مۇھتاج بولماقتا. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىلار بولمىغاچقا، ئۆز مۇشكىلاتلىرىنى ۋە يېڭى - يېڭى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بىر ئۆزگەرمەس قانۇن لايىھىلەپ چىقىشقا قادىر ئەمەستۇر. زامانىمىزدا ئىنسانلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولمىسۇن، شاقاۋەت ئىچىدە تولغىنىۋاتماقتا. مەسىلەن: قايسى بىر رادىئونى ئاڭلىسىڭىز، قايسى بىر تېلېۋىزىيە خەۋىرىگە قارىسىڭىز ۋە قايسى بىر گېزىتنى ئوقۇسىڭىز قان تۆكۈلگەنلىكىنىڭ، بومباردىماننىڭ، قاتىللىقنىڭ ۋە بۇلاڭ - تالاڭنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلايسىز. ئىنسانلار

سوتسىيالىزم، كاپىتالىزم ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك نەزەرىيەلەرنىڭ قانۇنلىرىنى سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ، دەرتلىرىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولغىدەك بىرىنى تاپالمىدى، ئەكسىچە شاقاۋەتلەرگە ئۇچرىدى. ساماۋىي قانۇنلار(ئاللاھنىڭ قانۇنى) بىلەن، ئىنسانلار لايىھىلىگەن قانۇنلارنىڭ پەرقى شۇكى، بىرىنچىدىن، ساماۋىي قانۇنلار ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن قانۇنلار بولسا، ئىنسانلار تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن قانۇنلار ئىنسانىي كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەستۇر. ئىككىنچىدىن، ساماۋىي قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا ئەڭ كۈچلۈك نازارەتچى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بولسا، ئىنسانلار لايىھىلىگەن قانۇنلارنىڭ نازارەتچىلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدۇر. تەبىئىيكى، ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولمىغىچە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارەتلىرى، جازالىرى كارغا كەلمەيدۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە قانۇن نازارەتچىلىرى كۆرگەنلىرىنى ۋە ئاندا ـ ساندا پاش بولۇپ قالغانلىرىنى جازالىيالىسىمۇ، ئەمما يوشۇرۇن جىنايەتلەرنى جازالىيالمايدۇ. دۇنيانىڭ ھازىرقى ئەھۋالى دېگەنلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. دۇنيادا قانداقلا بىر قانۇن بولمىسۇن، ئۇنىڭدا، ئوغۇرلۇق قىلغانلارنى، بۇلاڭچىلارنى، كىشىلەرنىڭ نومۇسلىرىغا تەككۈچىلەرنى، كىشىلەرنى ئالدىغانلارنى، ناھەق قان تۆككەنلەرنى ۋە باشقا جىنايەتچىلەرنى جازالاش بېكىتىلگەن تۇرۇپ، بۇ قىلمىشلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە. ھەتتا دۇنيانى تەھدىت ئاستىغا ئالماقتا. قانۇنلار بۇ قىلمىشلارغا خاتىمە بېرىپ، جەمئىيەتنى ئامان قىلالايدىغان بولسا، بۇ قىلمىشلار نېمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئازايمايدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام قانۇنلىرىنى قىسمەن جەھەتلەردە ئاز ـ تولا تەتبىق قىلىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەھۋال باشقىچە. بۇ مەملىكەتلەردە جىنايىي ئىشلار نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى بىر رېئاللىق. چۈنكى مۇسۇلمانلارنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نازارەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ـ ئىسلامىي ۋىجدانىي نازارەت قىلىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئىسلام قانۇنلىرى تولۇق تەتبىق قىلىنىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت شاقاۋەتلەردىن قۇتۇلۇپ، بەختلىك ھالدا ھايات سۈرگەن بولاتتى. ئىسلام قانۇنلىرى ماركسىزمچىلارنىڭ خىيالى

جەننىتىگە ئوخشاش قۇرۇق پەلسەپە ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا تەتبىق قىلىپ پايدىلانغان ۋە سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىسىل قانۇنلاردۇر. ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرمۇ ئاز بولمىغان. غامىدىيە ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن مەزنى ئىسىملىك ئەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىنا قىلىپ گۇناھكار بولغانلىقلىرىنى ئۆزلىكىدىن ئېتىراپ قىلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەتۈر قارىۋالغىنىغا قارىماي 4 قېتىم تەكرار ئىقرار قىلغانلىقى ۋە ئاخىرىدا جازاسىنى تېتىغانلىقىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى ۋىجدانلىرى بىلەن نازارەت قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. يۇقىرىقى ئىككىسىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تۇتۇپ ئەكەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆز ۋىجدانلىرىنىڭ ئازابلىشىغا چىداپ تۇرالماي، گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا تېتىپ ۋىجدانلىرىنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلار ئىدى. ئۇلارنى ۋىجدانلىرى چاقىرىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىممۇ كۆرمىگەن. شۇڭىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلار ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلايدۇ. ھەركىم ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئىش كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلمايدىغان بولسا، ئادالەت دېگەن شۇ! بۇ ۋاقىتتا قانۇنمۇ كېرەك ئەمەس.

**ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا قايتىشتىن باشقا چارە يوق**

ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا قايتماستىن، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك قانۇنلىرى بىلەن ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى قىسمەن چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ يەن - تېخىنىكا جەھەتتىكى يۇقىرىلىقىغا ئىشىنىپ، ئىجتىمائىي مۇشكىلاتلارنىمۇ ئەقلىمىز بىلەن ھەل قىلىمىزغۇ، دەپ مەغرۇرلىنىپ كەلمەكتە. شۈبھىسىزكى، ئۇلار نۆۋەتتىكى مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئىختىيارى ۋە غەيرى ئىختىيارى ھالدا چوقۇم قايتىدۇ. ھازىرمۇ ئۇلار كۆپ مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا قايتماقتا. بۇنىڭغا كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما سۆزۈمنى ئىخچاملاش يۈزىسىدىن تۆۋەندە 5 مىسال بىلەن كۇپايە قىلىمەن:

1. تالاق

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئېھتىياج تېپىلغاندا تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. چۈنكى ھاياتلىق بەزى ھاللاردا ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەمما خىرىستىئان دىنىنىڭ ھاكىمىيەت مەقامى بولىۋالغان چىركاۋلارنىڭ تەلىماتىغا كۆرە، ئاياللارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت يوق. ئۇلار ئەسىرلەردىن بىرى تالاقنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەنىدى. دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى ئىنسانلارنىڭ مۇشكىلاتلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. تالاقنى مەنئىي قىلىش ئارقىلىق ئائىلىنى، بالىلارنى پارچىلىنىشتىن ساقلاپ قالىمىز، دەپ دەۋا قىلغان شۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى باشقا بۇيرۇلمىغان يوللار ئارقىلىق ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغانلىقتىن، شاقاۋەت ئۈستىگە شاقاۋەت كۆپىيىپ، جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىقلار تېخىمۇ كۆپ ئەۋجگە چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىركاۋلار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا مەجبۇرى ھالدا تالاقنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇش قانۇنىنى چىقىرىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشىدا ئىسلام دىنىنى قوللىغانلىقتىن شۇنداق قىلغانمۇ؟ تەبىئىيكى ياق. ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا زورلىغان ۋە نۆۋەتتىكى بۇ مۇشكىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تالاقنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىغان.

2. ئىسلام قانۇنىغا كۆرە، ئانىلار بۇۋاقلىرىنى تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، ئىككى ياشقا كىرگىچە ئېمىتىشى لازىم. ياۋرۇپا دۆلەتلىرى بۇۋاقلارغا ئىچۈرۈلىدىغان مەخسۇس سۈت ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ سۈنئىي سۈتنى ماختاپ، «بۇنىڭدا بۇۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ پايدىلىق ماددىلارنىڭ ھەممىسى بار، بۇ سۈت ئانا سۈتىدىن نەچچە ھەسسە پايدىلىقتۇر» دەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ رەڭلىك ئېلانلىرىغا ئىشىنىپ بۇ سۈتنى بەس ـ بەستە سېتىۋېلىپ بۇۋاقلىرىغا ئىچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئارىدىن 5 ـ 10 يىل ئۆتمەستىن تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى بۇۋاقلارغا ئانا سۈتىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئانا سۈتى ئېمىتمەستىن ياسالما سۈتلەرنى ئېمىتىشنىڭ بۇۋاقلارنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەسلىگە قايتىدۇ ۋە ئانا سۈتىنىڭ بۇۋاق ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

3. ئۆلۈم جازاسى

ئىسلام جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: «سىلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىشتا ھاياتلىق بار» يەنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلار ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنالايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەتپەرۋەرلىكىنى دەۋا قىلىدىغان بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، قاتىللىق جىنايەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋجگە چىقىدۇ. ئاخىرىدا، بارچە چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ قاتىللىق جىنايەتلىرىنى ئازايتالمىغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈم جازاسىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، بەزىلىرى ئوچۇق ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.

4. ئۆسۈم

ئىسلام قانۇنىغا كۆرە، ئۆسۈمگە قەرز بېرىش ۋە ئېلىش ئەڭ قاتتىق گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. قۇرئان ۋەھەدىسلاردا ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنىڭ قەتئىي ھاراملىقى تەكىتلەنگەن. ئەمما ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئۇزاقلاشقانسېرى ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ كەتكەن. زامانىمىزدىكى دۇنيا ئىقتىسادىغا قارايدىغان بولساق، ئۆسۈمنىڭ بەزى دۆلەتلەرنى مۇنقەرزلىككە چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. باي دۆلەتلەر ئۆسۈمگە قەرز بېرىش سىياسىتى بىلەن ھېسابسىز دەرىجىدە بايلىققا كۆمۈلگەن، پېقىر دۆلەتلەر قەرزگە بوغۇلۇپ مۇنقەرز بولغان، ھەتتا چوڭ دۆلەتلەرگە بېقىنىدىغان، ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان قورچاق دۆلەتلەرگە ئايلىنىپ قالغان. چوڭ دۆلەتلەر كىچىك دۆلەتلەرنى ئېزىش، قۇل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋاقىتلىق قەرزلىرىگە يۇقىرى ئۆسۈمنى شەرت قىلىدۇ. نەتىجىدە، قەرز ئالغان دۆلەتلەرنىڭ يەللىسىدىكى قەرزلەر يىلدىن ـ يىلغا ئاشماقتا. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەرز بەرگەنلەر ئۆز خاھىشلىرىنى ئۇلارغا ئىجرا قىلدۇرماقتا. مانابۇ ـ زامانىۋى قۇللۇق. بۇ سەۋەبتىن دۇنيا ئىقتىسادى تەۋرەپ قالغان. دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي مۇقىمسىزلىق مۇشكىلىسىنى ھەل قىلىش نىيىتى بىلەن توپلانغان دۇنيا ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىردەك سۆزى «ئۆسۈم «0»گە چۈشمىگىچە بۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ» دېيىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇلار ئىسلام دىنىغا ئەگەشكەنلىكىدىن شۇنداق دېگەنمۇ؟ ياق.

بەلكى ئۇلار نۆۋەتتىكى مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىنى قوللىنىشقا مۇھتاج بولغان.

5. ھاراق

ھاراقنىڭ تەن ساغلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى قۇرئان بايان قىلىپ، ئۇنى قەتئىي ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ «ھاراقنىڭ كۆپىمۇ، ئىزىمۇ ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر ھاراقنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئامېرىكا قاتارلىق بەزى چوڭ دۆلەتلەر ھاراقنىڭ ھەقىقەتەن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مەخسۇس قانۇن لايىھىلىگەن بولسىمۇ، ئىنسانلارغا كار قىلمىغان. چۈنكى ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىدىن باشقۇرىلىدىغان بولمىغىچە قانۇنلار ئۇلارغا كار قىلمايدۇ. ئىنسانلارنى ۋىجدانى نازارەت قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىش مەسىلىسىنى پەقەت ساماۋىي دىنلارلا ئورۇنلىيالايدۇ. ئەنگىلىيىدە نەشىر قىلىنىدىغان «لانگېت تىببىي ژۇرنىلى» ھاراق توغرىلىق ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ: «ھاراقنى كۆپ ئىچىش ئەلۋەتتە زىيانلىق. ئۇنىڭ ئىزىمۇ ۋۇجۇتتا يېقىلىش پەيدا قىلىدۇ. ئاز ئىچكەنلەر دەرھال كېسەل بولمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كېسەللىك قوزغىلىدۇ. خۇسۇسەن مېڭە ھۈجەيرىلىرى تېز كاردىن چىقىدۇ» دېگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى سۆزلىگەن. ھاراقنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆپ سۆزلەشكە ھاجەت يوق. چۈنكى زامانىمىزدا ھەركىم ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى ۋە ئەخلاقنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان تونۇپ يەتمەكتە.

ئىنسانلار ھازىردا بولسۇن، ياكى كېيىنچىرەك بولسۇن ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا چوقۇم قايتىدۇ. ئىلىم ـ پەن قانچە تەرەققى قىلغانسېرى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشى ئاشماقتا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا تۈزۈپ بەرگەن يېگىلمەس ئىلاھىي قانۇنلارغا ئېھتىياجلىق بولىۋاتقانلىقلىرىنى ھېس قىلماقتا. چۈنكى كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن باشقىسى يارىمايدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ!

# ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭ)

دۇنيادا ھەر قانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە ھەرقانداق بىر پارتىيىنىڭ ئۆزىگە خاس شۇئارى بولىدۇ. ئۇلار بۇ شۇئارلىرىنى ھەر مۇناسىۋەتتە ياڭرىتىدۇ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ.
بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ شۇئارى نىمە؟
بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ شۇئارى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دۇر.
مانابۇ ـ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇئەززىنلىرىمىز ئىگىز مۇنارىلاردا كۈنىگە 5 قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق بىزنى نامازلىرىمىزنى ئادا قىلىشىمىزغا چاقىرىدىغان بىردىنبىر شۇئارىمىزدۇر. بىز بۇ شۇئارنى نامازلىرىمىزنىڭ ھەر بىر رەكئەتىدە 6 قېتىمدىن تەكرارلايمىز. مۇئەززىنلىرىمىز تۆن قارىسى سەھەرلەردە، بىز ئۇيقۇنىڭ مەستانىلىكىدە غەرق بولغان سائەتلەردە بۇ شۇئارنى جاكارلاش ئارقىلىق بىزنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشكە چاقىرىدۇ. مۇجاھىدلىرىمىز جىھاد مەيدانلىرىدا مۇشۇ شۇئارنى بار كۈچى بىلەن ياڭرىتىش بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنۇش سالىدۇ. تارىخلار، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ شۇئارنى ياڭرىتىش بىلەن مىڭلارچە قېتىم دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكىگە، قانچىلىغان قەلئەلەرنى تىترەتكەنلىكىگە، قانچىلىغان زوراۋان كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىغا گۇۋاھدۇر.
ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن بۇ شۇئارنى چىن قەلبىدىن ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئاجىزلىقتىن قۇۋۋەتكە، پېقىرلىقتىن بايلىققا قاراپ تەرەققى قىلدى. نوپۇزىنى، ھاكىمىيىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيتىپ باردى. نەتىجىدە، ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىسىدىن ھالقىپ شام، مىسىر ۋە ئىسپانىيە يولى بىلەن فرانسىيىگە؛ ئىراق، ئىران، ئابغانىستان، تۈركىستان ۋە ھىندىستان يولى بىلەن شەرقنىڭ ئەڭ ئۇزاق جايلىرىغىچە يېتىپ باردى.
ئەزاننىڭ تېكىستلىرىدىكى: الله اكبر (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر)دېگەن بۇ جۈملە ـ بىزنىڭ ئۆلمەس شۇئارىمىز ۋە مۇقەددەس دىنىمىز بولۇپ، بىز بۇنى ھەركۈنى، ھەر بىر پائالىيىتىمىزدە ۋە ھەر بىر مۇناسىۋەتتە يوقىرى ئاۋاز

بىلەن قورقماي جانلىق سۆزلەيمىز. بىز بۇ شۇئارنىڭ سايىسىدا ئاللاھتىن باشقا بىرىدىن قورقمايمىز. چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر!
اشهد ان لااله الاالله واشهد ان محمدا رسول الله ( ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) دېگەن بۇ جۈملە ــ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى. ھەركىم مۇشۇ جۈملىنى چىن قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىپ، ئېغىزى بىلەن سۆزلەش ئارقىلىق ئىسلام دائىرىسىگە كىرىدۇ.
حي على الصلاه ( نامازغا كېلىڭلار) دېگەن بۇ جۈملە ــ بىزنى ئاخىرەتلىك نېسىۋىمىزگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان ئىلاھىي چاقىرىقتۇر. چۈنكى ئاخىرەتلىك ئەمەللىرىمىزنىڭ ئەڭ كاتتىسى نامازدۇر.
حي على الفلاح (نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراڭلار) دېگەن بۇ جۈملە ــ بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىدىن ۋە غەم ـ قايغۇلىرىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا يېتەكلەيدىغان بىر ئىلاھىي دەۋەتتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش پەقەت ئاللاھقا بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەتچانلىق كۆرسىتىشىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.
«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن بۇ شۇئارنى ئەجدادلىرىمىز مەنىسىنى تولۇق بىلگەن ھالدا، ئېغىزلىرىنى يۈرەكلىرىنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ، چىن سەمىمىيەت بىلەن ئېيتىپ كەلگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇلار بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىدا، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە، مۇئامىلاتلىرىدا بۇ شۇئارنى ئۆزلىرىگە بىردىنبىر ئەمەلىي دەستۇر قىلغان.
شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئاسىيا بىلەن ياۋرۇپانىڭ يۈرىكىدە ھۆكۈمرانلىقلىرىنى سۈردۈرگەن ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆتۈرۈپ چىققان شانلىق بايراقنى يەر شارىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تىكلىيەلىگەن.
ئەمما بىز بۇ شۇئارنى ئېغىزىمىزدىلا ئېيتىپ كەلدۇق، باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزمۇ خۇراپاتتىن ۋە رىيادىن خالىي بولالمىدى. نەتىجىدە، بىز مۇشۇ كۈنگە ــ كۇففارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئېچىنىشلىق كۈنگە قالدۇق.
ئەسلىمىزگە قايتىشنى ۋە ھۆر ياشاشنى ئارزۇ قىلساق «ئاللاھۇ ئەكبەر» نى يۈرىكىمىزدىن دەيلى ۋە ئاللاھ بىلەن بىرگە بولايلى!

# جىھادنىڭ مەنىسى ۋە دەرىجىلىرى

جىھادنىڭ مەنىسى

جىھاد سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر.

ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستېمالى بويىچە، جىھاد سۆزى تۆۋەندىكىدەك 3 خىل ئەمەلنى ئىپادىلەيدۇ:

1. ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ جىھاد قىلىش.

«مۆمىنلەردىن ئۆزۈرسىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ، جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن تەڭ بولالمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى 95 - ئايەت)

2. سۆز ئارقىلىق كۈرەش قىلىش

«قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى ( پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.» (فۇرقان سۈرىسى 52 - ئايەت)

3. ئەمەل ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

«كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن) جىھاد قىلىدىكەن (يەنى تىرىشىدىكەن) ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر.» (ئەنكەبۇت 6 - ئايەت )

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىش، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىش، دۈشمەنلەر بىلەن نەق مەيداندا جەڭ قىلىش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

جىھادنىڭ دەرىجىلىرى

بەزى ئالىملار جىھادنىڭ دەرىجىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلىگەن:

جىھادنىڭ دەرىجىسى 4 خىل بولىدۇ:

1. ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە تاقابىل تۇرۇش. بۇ 4 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

1) ھەقىقەتكە يېتىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تىرىشىش.

2) ئۆگەنگەن ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىش يولىدا غەيرەت قىلىش.

3) ئۆگەنگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش.

4) دەۋەت يولىدا بېشىغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارغا، ئازارلارغا سەۋىر قىلىش.

يوقىرىقى 4 خىسلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كىشى «رەببانىي» دېگەن ئىسلامىي ئۇنۋانغا لايىق بولىدۇ.

2. شەيتان بىلەن ئېلىشىش. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى شۈبھىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش، يەنە بىرى ھەۋەسلىرىگە قارشى تاقابىل تۇرۇشتۇر.

3. زىيانكەشلىك قىلغان كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن ئېلىشىش. بۇمۇ 4 باسقۇچلۇق بولۇپ: جاننى تىكىش بىلەن، پۇل ـ مال سەرپ قىلىش بىلەن ۋە سۆز بىلەن قىلىنىدۇ. كاپىرلارغا قارشى كۈرەش كۆپىنچە قۇرال كۈچى بىلەن بولغاندەك، مۇناپىقلارغا قارشى كۈرەش كۆپىنچە، سۆز بىلەن بولىدۇ.

4. زالىملار، خۇراپاتچىلار ۋە بىدئەتچىلەر بىلەن ئېلىشىش. بۇمۇ 3 باسقۇچلۇق بولۇپ، ئاۋۋال قول بىلەن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەندە، سۆز بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىگەندە، قەلبى بىلەن نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بولىدۇ. (ئىبنى قەييۇم جەۋزىيىنىڭ ”زادالمىاد“ ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ جىلت 9 ـ بەت)

جىھاد دەرىجىلىرىنىڭ يوقىرىقىدەك تەرتىپلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، مۇشەققەتسىز ياشاش، ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش قاتارلىق ئىنسانىي ھەۋەسلىرىنى ۋە نەپسى شەيتانىنىڭ ”سەن جىھادقا چىقساڭ ئۆلۈپ كېتىسەن، دۈشمەن تەرەپ كۈچلۈك، ئۇلاردا ئاتوم بار، سەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن. ئۆلسەڭ بالىلىرىڭنى كىم باقىدۇ؟..... ۋەھاكازالار“ دېگەن ۋەسۋەسىلىرىنى ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ كۈچى بىلەن يەڭمەي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ نەق مەيداندىكى قانلىق جىھادقا كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، دۈشمەننى يېڭىشتىن ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى ۋە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يېڭىش قىيىندۇر، ئەلۋەتتە.

مەلۇمكى، جىھاد ئېڭىنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلاردا ئورتاق قىزىقىش دەرىجىسىگە يېتەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى باسقۇچتا غەلىبە قىلالمىغانلىقتىن بولىدۇ.

# بىدئەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

«بىدئەت» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ئىجاد»،«ئىختىرا» ۋە «پەيدا قىلىش» دېمەكتۇر. لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىدئەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:
1. ھاياتلىق ئىشلىرىدا يېڭىلىقلارنى ئىختىرا قىلىش بولۇپ، بۇ، ھازىرقى تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە باشقا كەشپىياتلاردۇر. بۇ خىل بىدئەت يەنى ئىختىرا دىنىمىزدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلاردۇر.
2. دىنى مەسىلىلەردە يېڭىلىق پەيدا قىلىش بولۇپ، بۇ خىل بىدئەت قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى دىنىمىزنىڭ ئىبادەت، ئېتىقاد ۋە باشقىلارنىڭ پۈتۈن نىزام ـ سىستېمىسى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا تاكامۇللىشىپ بولغان. مۇسۇلمانلار شۇ نىزام ۋە سىستېمىلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بىرەر شەيئىنى زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش، ياكى باشقىسىنى ئىختىرا قىلىش چەكلەنگەندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ مۇشۇ دىنىمىزغا بىرەر يېڭىلىق پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ» (بۇخارىي رىۋايىتى).
مەنئى قىلىنغان بىدئەتلەرنىڭ تۈرلىرى:
1. ئېتىقاد جەھەتتىكى بىدئەتلەر بولۇپ، بۇ ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان جەھمىيە، رافىزە، خاۋارىج ۋە بەزى شىئەلەرنىڭ ئېتىقادلىرىدۇر.
2. ئەمەل ـ ئىبادەت جەھەتتىكى بىدئەتلەر بولۇپ، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلماسلىق ياكى يېڭى ئىبادەت شەكىللىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىش. بۇلار تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ:
(1) مەلۇم بىر ئىبادەتنىڭ ئەسلى بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمەستىن شەرئەتتىن دەلىلسىز ھالدا ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلىۋېلىش. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈش نامىزى ۋە باشقىلار قاتارلىق شەرئەتتىن دەلىلى بولمىغان نامازلار.
(2) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە بىر نەرسە زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش. مەسىلەن: رامىزان رۇزىسىغا شەك كۈنىنى قوشۇۋالغانغا ئوخشاش.
(3) ئىبادەتلەرنى بۇيرۇلغان قائىدە ـ سىستېما بويىچە ئادا قىلماستىن، يېڭى قائىدە تەرتىپلەرنى پەيدا قىلىۋېلىش. مەسىلەن: ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ،

تەركىدۇنيا بولىۋېلىش، تەسبىھ بىلەن ساناشنى زىكىرنىڭ قائىدىسى ياكى شەرتى قىلىۋېلىش.

(4) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە ئۆزلىگىدىن ۋاقىت بەلگىلىۋېلىش. مەسىلەن: بارائەت كېچىسىنىلا كېچە نامىزىغا مەخسۇس قىلىۋېلىش. چۈنكى كېچە نامىزى مەخسۇس بىر كېچە ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن ئىبادەت بولماستىن، بەلكى يىلنىڭ قايسى كېچىلىرىدە بولمىسۇن ئوقۇسا بولىدىغان نەپلە ئىبادەتلەردىندۇر. شۇڭا ئۇنى بارائەت كېچىسىگىلا مەخسۇس قىلىۋېلىش بىدئەت سانىلىدۇ.

يۇقىرىقى بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ھارامدۇر. ئۇنىڭدىن بېرەرنى سادىر قىلغان كىشى خاتالاشقان بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىندا پەيدا قىلىۋېلىنغان ھەر قانداق يېڭى ئىش بىدئەتتۇر، بىدئەتنىڭ ھەر قاندىقى ئازغۇنلۇقتۇر» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پارلاق دىنىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، بارچە ئەقلىي كۈچىنى بىدئەتلەرنى ئىختىرا قىلىش بىلەن زايا قىلىپ ئىختىرا ۋە ئىجاد قىلىشى تەلەپ قىلىنغان دۇنيا ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئونتۇتتى. ئەسلىدە، دىنىي ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىك؛ دۇنيا ئىشلىرىدا بولسا تەرەققى قىلىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىقلارنى يارىتىش ۋە كەشپىياتلارنى ئېچىش كېرەك ئىدى. دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى مانا مۇشۇ.

# مەزھەب تەئەسسۇبلىقى

ئالدى بىلەن شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، فىقھىي مەزھەب قاراشلىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىلمىي ئورنى بار. خالىغان كىشى بۇ فىقھىي قاراشلاردىن خالىغان بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ.
ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولۇپ، ئېتىراپ قىلىنغان تۆت مەزھەبنىڭ ھەممىسى ئىلمىي ۋە ھۆرمىتى جەھەتتە ئوخشاشتۇر. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە شاپىئىي مەزھەبنىڭ كۆز قارىشى ھەنەپىي مەزھەبنىڭ قارىشىغا نىسبەتەن قانائەتلىنەرلىك ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا بىز ھەنەپىي ئىدۇق دەپ تۇرىۋالماستىن شاپىئىي مەزھەبنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ. لېكىن شەرىئەت تەكلىپلىرىنىڭ يېنىكرەكىنى ئىزدەش ياكى ھارامنى ھالال قىلىش مەقسىتى بىلەن ئۆز مەزھىبىدىن باشقا بىر مەزھەبكە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئەمما ئەقىل بىلەن دىن بىردەك رەت قىلىدىغان مەسىلە بىر مەزھەبنىڭ ياكى بىر شەخسنىڭ كۆز قارىشىنى تۇتۇۋېلىپ«دىن مۇشۇ! بۇنىڭدىن باشقىسى دىن ئەمەس!» دەپ تەئەسسۇبلۇق مەيدانىدا چىڭ تۇرىۋېلىشتۇر. مانا بۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ، خۇسۇسەن مىللىتىمىزنىڭ دىن روھىدىن ئۇزاقلىشىپ قېلىشىدىكى بىر ئامىل.
ئاللاھ تائالا قۇرئاندا «سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار» دەيدۇ (رۇم سۈرىسى 32 ـ ئايەت).
كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىزدە يۈز بەرگەن «ئامىن» مەسىلىسى، «ھەر رەكئەتتە قولنى كۆتىرىش» مەسىلىسى ۋە باشقا فىقھىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلارغا بۆلۈنگەنلىكى ئەنە شۇ جاھىل تەئەسسۇبلۇقنىڭ مەھسۇلى بولدى.
بۇ قېتىم ئەرەبىستانغا كەلگىنىمدە رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. مۇسۇلمانلار فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. ھەنەپىيدىن باشقا مەزھەبلەرگە كۆرە فىتىر سەدىقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە ئېيتقان بۇغداي، ئارپا ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆز ئەينىنى بېرىش كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن كوچا ۋە يوللارنىڭ بېشىدا 3 كىلودىن قاچىلانغان بۇغداي ۋە

گۆرۈچ خالتىلىرىنى ساتقۇچىلار ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا نېگىر تىلەمچى ئاياللار ئورۇن ئالغان. سەدىقە بەرگۈچى كېلىپ 3 كىلو بۇغداينى 10 رىيالغا سېتىۋېلىپ، يېنىدىكى نېگىر ئايالغا بېرىپ ئېدى، ئايال شۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ بۇغداينى بۇغداي ساتقۇچىغا 5 رىيالغا ساتتى. بۇ نېمە دېگەن جاھىل تەئەسسۇبلۇق!

فىتىر سەدىقىسىنىڭ بۇيرۇلىشىدىن مەقسەت: يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە بۇ ئۇلۇغ بايرام كۈنىدە ئۇلارنىڭمۇ چىرايلىق كىيىنىپ ياخشى ھېيت قىلىشلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بۇيرۇلغان ساخاۋەت ئەمەسمىدى؟ نەتىجىدە فىتىر سەدىقىسىدىن كىم پايدىلانغان بولدى؟ بۇغداي ساتقۇچى باي بىلەن تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان نېگىر باي بەس. بۇ سەدىقە ئادا تاپقانمىدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ...!

بۇ مەسىلىدە ھەنەپىي مەزھىبىنىڭ مەزكۇر «مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ» دېگەن كۆز قارىشىغا ئەگەشسەك زىيان بولامدۇ؟ بۇمۇ ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر مەزھەبقۇ؟!

زامانىمىزدا يەنە باشقا تۈردىكى بىر خىل تەئەسسۇبلۇق باش كۆتۈردى. بۇنىڭ خەتىرى ئاۋۋالقىسىدىن يامان، ئەلۋەتتە. ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرىنى «ھەدىس ئەھلى» دەپ ئاتىۋالغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار مەزھەبنى ئېتىراپ قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، فىقھىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەدىسلاردىن ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار راستىنلا شۇنداق قىلالىسا بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولاتتىغۇ. بىراق ئۇلار بىرەر ھەدىستىن مۇئەييەن بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ ــ دە، ئاندىن ئۇنى «دىن پەقەت مۇشۇ، باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرى دىن ئەمەس» دەپ بىلىدۇ. سىزنىڭ بۇ ھەدىستىن چۈشەنگىنىڭىز ئەگەر ئۇنىڭ شۇ مۇئەييەن چۈشەنچىسىگە زىت كەلگەن ھامان سىز ھەدىسنى ئېتىراپ قىلمىغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلىق قالپىقىنى كىيگەن بولىسىز. بەلكى ئۇ سىزنى بۇ گۇناھىڭىز ئۈچۈن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئىچىنىشلىق بىر مۇسىبەت بولۇپ، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇنىڭ دەردىنى چەكمەكتە.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇھىم مەسىلىلەر جاۋاب تەلەپ قىلىۋاتقان مۇشۇ ھالقىلىق پەيتلەردە، قايسىسىغا ئەگەشسە بولىدىغان فىقھىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن!

دىنىمىزنىڭ «مۆمىنلەر ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر» دېگەن شانلىق دەستۇرىنىڭ ھەقىقىي روھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مەزھەب ۋە باشقا كىچىك بۆلۈنۈشلەرنىڭ تەسىرى بارمۇ؟ بىز مۇسۇلمانلاردىكى مەزھەب ۋە باشقا كىچىك بۆلۈنۈشلەرنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

فىقھىي مەسىلىلەر ئىتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئەمەس. شۇڭا مەزھەب جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلىقىغا قەتئىي تەسىر كۆرسەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ھەنەفىي، شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەب ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئوخشاش كۈچكە ئىگە مەزھەبلەردۇر.

# غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز

تەرەققى قىلىپ زامانىمىزغىچە كەلگەن دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىكى پىرئەۋنلەر، ناپىلىيونلار، ھۇنلار، ئاندىن يونانلىقلار، ئۇلاردىن كېيىن، رىملىقلار بەرپا قىلغان بولسا، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ياراتقان، ئۈچىنچى قەۋىتىنى بولسا، ھازىرقى ياۋرۇپالىقلار ياراتقان بولدى.

بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەدەنىيەتلەرگە يات ئەمەسمىز، بەلكى بىزمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ئۇنى ياراتقۇچىلارمىز. ئەمما بىز بىر قانچە ئەسىردىن بىرى، ئۆز ئارىمىزدىكى بۆلۈنۈشتىن باشقا ھېچ قانداق ئەھمىيىتى بولمىغان فىقھىي تالاشلار، سوپىزملىق تەرغىباتى بىلەن تەركىدۇنيا بولۇۋېلىش ۋە ئىلمى كالام (ئەقىدىنى پەلسەپىلەشتۈرۈش ئىلمى)دىن ئىبارەت بىھۇدىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇش سەۋەبى بىلەن مەدەنىيەت يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكىغا قاراپ يول ئېلىش دەۋرىمىزنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ غەپلەت ئىچىدە ئوخلىدۇق. بىز بۇ قىلمىشىمىز بىلەن دىنىمىزغىمۇ ئاسىيلىق قىلغان بولدۇق. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز پەن، مەدەنىيەت يارىتىشنى نورمال ئىبادەت دەپ ھېسابلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىسلام پەرزلىرىدىن سانايتتى. شۇڭا قۇرئاندا، مۇسۇلمانلارنى كائىناتنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەقىل كۆزى بىلەن نەزەر قىلىپ، ئۇنىڭ سىرلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجەلىنىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟» (ئەئراف سۈرىسى 185 - ئايەت)

كارۋانلار سېپى ئىلگىرىلەپ بىزدىن خېلى ئۇزىراپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە كۆزىمىزنى ئېچىپ، بېشىمىزنى ئېگىز كۆتىرىپ قارىغىنىمىزدا، بىزنىڭ كارۋانلار سېپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ گاڭگىراپ، ئېڭىرقاۋاتقىنىمىزنى كۆردۇق. ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى بىزگە ناتونۇش ۋە غەلىتە ھېس قىلىنىغانلىقىدىن، بۇ مەدەنىيەت ئالدىدا بىز مۇسۇلمانلار ئىككى

پىرقىغا بۆلۈنىدۇق: بىرى، هازىرقى مەدەنىيەتلەرنى ئايرىماستىن، ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرمەستىن هەممىنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، يەنە بىرى، ئۆزلىرىنىڭ جاهىللىقى ۋە تەئەسسۇبلىقىنىكى قاتماللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، هېچبىر يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغانلار بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ هەر ئىككىلىسى خاتالاشقان، ئەلۋەتتە.

هازىرقى مەدەنىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى شۇكى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىلىم ـ سىيتىم مۇئامىلىلىرى قاتارلىق دىنىمىزدا ئۆزگەرمەس قىلىپ بېكىتىلگەن قانۇن ـ پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش، بۇلاردىن باشقا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان هەر قانداق مەدەنىيەت ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش كېرەك.

زامانىمىزدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ هالىمۇ، ئۆتمۈشتىكى ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلە هارۇن رەشىدنىڭ هالىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. بىركۈنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قاتتىق چىشى ئاغرىپ كېتىپ، ئۇنى زاماسكىلاپ ساقايتىدىغان، ياكى ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئىلىم ـ پەننىڭ شۇ ۋاقىتتا بولمىغانلىدىن، ئابدۇلمەلىك ئۈچ قېتىئەگە هاكىمۇتلەق بولۇپ تۇرۇپ، شۇنچىلىك كۆپ قىينالغان ئىكەن. زامانىمىزدىكى ئەڭ يېقىر كىشىمۇ چىشى ئاغرىسا دوختۇرغا بېرىپ، ئۇنى زاماسكا قىلدۇرۇش ئارقىلىق چىشىنى ساقايتالايدۇ. هارۇن رەشىدنىڭ ئۇچىيى زەخمىلەنگەنلىكتىن قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ئۇنىڭغا ئاغرىق پەسەيتىش دارىسى بولمىغانلىقتىن كۆپ قىينالغان ئىكەن. زامانىمىزدا ئەڭ يېقىر بىرىمۇ ئاغرىق توختىتىش دارىسى ياكى ئوكۇلى ئالالايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى توختىتالايدۇ. هارۇن رەشىد باغداتتىن مەككىگە كېلىش ئۈچۈن ئۇلاق بىلەن ئىككى ئاي يول يۈرگەن ئىكەن. زامانىمىزدا هەرقانداق كىشى بۇ مۇساپىنى ئايروپىلان بىلە ئىككى سائەتتىلا بېسىپ بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىشقا ئەهمىيەت بەرمەسلىك ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ روهىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

# مۇسۇلمانلاردىكى قۇۋۋەت مەنبئى

شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋەت مەنبئى بىردىنبىر ئىماندۇر. مۇسۇلمان كىشى كۈچلۈك كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقا يۆلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن(يەنى ئىشەنچ باغلايدىكەن)، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (ئەنفال سۈرىسى 49 ـ ئايەت) يەنى ئاللاھ تائالا شۇنداق كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى بولغان زاتكى، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە دىلدىن ئىشەنچ قىلغان كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. بەلكى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ ۋە خورلىمايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالا(نىڭ دىنى)غا ياردەم قىلساڭلار سىلەرگە غالىب كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالا(نىڭ دىنى) نى خار قىلساڭلار ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم قىلىدۇ. (شۇنداق بولغانىكەن) مۇسۇلمانلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن.» (ئال ئىمران سۈرىسى 160 ـ ئايەت)

ئاللاھقا يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش دېگەن سەۋەب قىلماستىن ئۇنىڭغا يۆلىنىش دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىسلام دىنىدىكى تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى ـ كىشى قولىدىن كېلىدىغان ۋە كۈچى يېتىدىغان بارچە سەۋەبلەرنى تولۇق ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. ئەمما سەۋەب قىلماستىن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش ئاخماقلىق بولغاندەك، سەۋەبكىلا يۆلىنىپ ئاللاھقىمۇ يۆلىنىشنى ئونۇتۇش ھاماقەتلىكتۇر.

ئىنسان يارىتىلىشى ئېتىبارى بىلەن ئاجىز، چىدامسىز، ئېھتىياجلىرى كۆپ بىر مەۋجۇداتتۇر. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ چەكلىك كۈچىگە ۋە چەكلىك بىلىمىگە ئىشىنىپ ئاللاھنى ئونۇتۇدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى جازالايدۇ ۋە ياردىمىنى توختىتىش بىلەن ئۇنى خار قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ياردەمگە مۇھتاجلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، چەكسىز قۇدرەتلىك بولغان ئاللاھقا

يۆلىنىپ، ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ ئۇنىڭ ياردىمىنى سورايدىغان مۇسۇلمان كىشى كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك مۇسۇلماندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەئى ئاللاھ تائالا بولغاچقا، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى شۇ زات تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ.

# خەتەرلىك جاھالەتلەر

ئىسلام دىنى كامالىغا يەتكەن ئۆلگىلىك ئەسىرلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى شىرىن چۈشتەك ئارقىمىزدا قالغاندىن كېيىن، دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەش، دىن ئېتىراپ قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئىبادەت شەكلىگە كىرگۈزۈپ، قاتارلىق جاھالەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇملاشقان. كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار «لاالـه الاالله مچمد رسول الله» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىپ، ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا ئىسلامنىڭ پەرزلىرىنى ئورۇنلاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى كۇپرى، شېرىك ۋە نىفاق قاتارلىقلارنىڭ ئازگاللىرىغا ئىتتىرىدىغان بەزى يامان ئىشلارنى بىلىپ ـ بىلمەي سادىر قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئومۇمەن، بۇ ئىشلارنىڭ ئەقىدىگە ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان خاتا ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. بەلكى بەزىلىرى بۇ ئىشلارنى توغرا ئىشلار، ئىسلام دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلار بولۇشى كېرەك، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

**بىلمىگەنلەر ئۆزۈرلۈكتۇر**

ئىسلام دىنىنى چىن قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئۇڭايلىق بىلەن كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئىمانغا زىت كېلىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قەستەن سادىر قىلىش بىلەن كاپىر بولىدۇ. ئەمما كۇپرى ياكى شېرىك ئىشنى قىلغان ئادەم ئەگەر ئۇنىڭ خاتالىقىنى بىلمەستىن قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزۈرلۈكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنى مۇشرىك ياكى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق كىشى گۇناھىنى تونۇپ ئۇنىڭغا تەۋبە قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنى كەچۈرىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەلەپ قويغا: «ئۆز ۋاقتىدا مۇرىتلار: ”ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟“ دېدى. ئىيسا: ”ئەگەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنسەڭلار (مۇنداق سوئاللارنى سوراشتا) ئاللاھتىن قورقۇڭلار“دېدى» (مائىدە سۈرىسى 112 ـ ئايەت)

مۇرىتلار بۇ سۆزىدە ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىشتە نادان ئىدى. مەلۇمكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەن كىشى كاپىر بولىدۇ. لېكىن بىلمەسلىك ۋە نادانلىق ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ نەزەرىدە ئۆزۈر سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن خەيبەرگە كېتىۋېتىپ قويۇق شاخلىق بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتتىدۇ. مۇشرىك ئەرەبلەر ئادەتتە ئۇرۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن قىلىچلىرىنى بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قوياتتى ۋە بۇ دەرەخ بىزنىڭ ئۇرۇشتا غالىبىيىتىمىز ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن "يا رەسۇلۇللاھ! بىزگىمۇ مۇشرىكلەردە بولغاندەك، قويۇق شاخلىق بىر دەرەخنى مەخسۇس قىلىپ بەرسىڭىز" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۇبھانەللاھ! بۇ خۇددى مۇسانىڭ قەۋمى ئۇنىڭدىن "بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بىر بۇت ئورنىتىپ بەرگىن" دەپ سورىغىنىغا ئوخشاش بىر گەپ بولدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىۋاتىسىلەر.» (تىرمىزى رىۋايىتى)

يوقىرىقى ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ قەۋملىرىدىن سادىر بولغان بۇ ئۈچ سوئال ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىن بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ ھەر بىرى قەۋملىرىنىڭ ھاماقەتلىكىگە جاۋاب بېرىپ: مۇسا ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېسە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنسەڭلار(مۇنداق سوئاللارنى سوراشتىن) ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دەيدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا: «ھەقىقەتەن سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دەيدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى كۈپرىنىڭ ئازگاللىرىغا چۈشۈشكە ئاز قالغان بۇ ئۈچ دەۋر قەۋملىرىنى پەيغەمبەر لىرى ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام ياكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ياكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىرى «سىلەر كاپىر بولدۇڭلار» ياكى «مۇشرىك بولدۇڭلار» دېگەن ئەمەس. پەقەت ئۇلارنىڭ مۇنداق سوئال قىلىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاتقان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا(سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ تائالا( تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت

قىلغۇچىدۇر،(بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» دەيدۇ. (ئەھزاب سۈرىسى 5 ـ ئايەت)

**بىلگەندىن كېيىن ئۆزۈر قالمايدۇ**

ھەقىقەتنى بىلمەسلىكنىڭ زىيىنى بۇنچىلىك خەتەرلىك بولغان ئىكەن، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئىسلام تەلىماتلىرىنى، خۇسۇسەن ئەقىدە ۋە ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلىق ئوقۇماستىن، ئۆگەنمەستىن تولۇقلانمايدۇ. شۇڭا قۇرئاننىڭ دەسلەپكى ۋەھيىسى «ئوقۇ» بىلەن باشلانغان. مۇسۇلمانلىق بىزنىڭ تەقدىرىمىز. بۇ بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تەقلىدچىلىك ئەمەس. مۇسۇلمانلىق بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتىمىزنىڭ كېپىلى. بونداق ئىكەن، «مەن مۇسۇلمان» دېگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ شۇ مۇسۇلمانلىقىنى ئىسپاتلىشى ۋە تولۇقلىشى ئۈچۈن دىنىي بىلىملەردىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە كۆپرەك خەۋەردار بولىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئالالاھ تائالا بەندىلىرىگە شۇنچىلىك كۆپ مېھرىبانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى بالىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ساھابىلىرىدىن: «مۇشۇ ئايال بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلار «ياق، بۇ ئايال بۇۋۇقىنى ھەرگىزمۇ ئوتقا تاشلاشقا چىداپ تۇرالمايدۇ» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالالاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ شۇ بۇۋۇقىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىن ئەلۋەتتە ئارتۇق مېھرىباندۇر!» دەيدۇ. تەۋبە ئالالاھنى مەمنۇن قىلىدىغان بىر ئىبسل ئىبادەت بولغىنىدەك، ئالالاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىششىنىڭ بىر ۋاسىتىسىدۇر.

## ۋەسىيەت

مۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ××دىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتلەر بىلەن ئۆز ئارا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىر مويسىپىت كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ بالام سىزدىن سورايدىغان بىر مەسىلەم بار ئىدى دېگىنىچە سۆزگە باشلىدى ھېلىقى كىشى ـ ئۆمرۈممۇ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ، مېنىڭ يىغقان مال ـ دۇنيالىرىممۇ خېلى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن جىنازە مۇراسىمىم ۋە نەزىر ـ چىراغلىرىم ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلغانىدىم. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ساۋاپىنى كۆزلىدىم. بۇنىڭغا دىنىمىز نېمە دەيدىكىن؟

ـ بۇ مەسىلىنى سورىغىنىڭىز ياخشى بولدى، باشقىلارمۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېدىم، ئۇنىڭ سوئالىغا مەمنۇنلۇق بىلدۈرۈپ، ـ ئاۋۋال شۇنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدا ئۆلگىچىنىڭ جىنازە مۇراسىمى ۋە نەزىر ـ چىراغلىرى ئۈچۈن سىلەر مەقسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى بۇيرىغان ئەمەس، پەقەت ئۆلگۈچىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈچ كۈنگە قەدەر كۆلكىلەردىن، ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ياڭرىتىشتىن ئۇزاق تۇرۇش، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى ئاللاھتىن سوراش، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئانى كۆپ قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدەقىلەرنى بېرىش، ئۆلگۈچى ئايال بولسا ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن تەزىيە بىلدۈرۈشى، ئەگەر ئۆلگۈچى ئەر بولسا، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا 4 ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتۇشى ( يەنى 4 ئاي 10 كۈن توشمىغىچە ياتلىق بولماسلىقى) بۇيرۇلغان. ئەمما ئۆلۈم باھانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايسى بىر ۋاقىتتا بولمىسۇن، نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پېقىرلارنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنى غىزالاندۇرۇش ساۋاپلىق ئىشتۇر. دىنىمىز ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇنى ئورۇنلىشىنى بۇيرىغان. ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆلۈشتىن بۇرۇندۇر! ھايات ۋاقتىدا قىلماي، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە قىلىنغان سەدىقە، نەزىر ـ چىراغ ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالا

نەزىرىدىكى قىممىتى ۋە ئېتىبارى ئاز بولىدۇ. كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە يوقىرىقى ياخشىلىقلارنىڭ قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلىشىنىمۇ پايدىسىز دېيىشكە بولمايدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ نىيىتى ئۇنىڭ بىلەن شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پېقىرلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇش شەرتى بىلەن ئەلۋەتتە ساۋاپ بېرىلىدۇ. ئەمما ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان بۇ ياخشىلىقلارنى ئۆلمەستىن بۇرۇن قىلسىڭىز بۇنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ.

قايسى بىر ئىش ئۈچۈن بولمىسۇن ۋەسىيەت قىلىش سۈننەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ياخشى ئىشتۇر. ئەمما ھەركىمنىڭ سەدىقە ۋە نەزىر ـ چىراقلارغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى ۋارىسلارغا تاپشۇرۇپ قويغاندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغىنى شۈبھىسىز ئەلادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئەڭ ئەۋزەل سەدەقە سىنىڭ پېقىرلىقتىن قورقىدىغان، باي بولۇشنى ئارمان قىلىدىغان كۈنلىرىڭدە بەرگەن سەدىقەڭدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

ئالىملارنىڭ بىرى، بىراۋنىڭ ھايات ۋاقتىدا بەرگەن سەدەقىسى بىلەن، ئۆلگەندىن كېيىن بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان سەدەقىسىنىڭ پەرقىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، قاراڭغۇ تۈندە ئىچىگە شام يېقىلغان پانۇس چىراقنى كۆتۈرگىنىچە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر ھازا يول يۈرۈپتۇ، ئاندىن چىراقنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىپ كۆرۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا چىراق ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغانلىقتىن يولنى روشەن كۆرەلمەي، تىمتاسلاپ ئاران مېڭىشىپتۇ، ئاندىن ئۇلار چىراقنى بۇرۇنقىدەك ئالدىغا قارىتىپ ماڭغىنىدا يولنى ئوچۇق، روشەن كۆرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئالىم ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ:

ـ بالىلىرىم، كۆردۈڭلارمۇ؟ ھايات ۋاقتىدا سەدەقە بەرگەن بىلەن، ئۆلگەندىن كېيىن سەدەقە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغانىنىڭ پەرقى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ ــ دەپتۇ.

ۋەسىيەت قىلىش سۈننەت بولغان بولسىمۇ، ئۆلگۈچىنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراسنى قانداق بۆلۈشۈشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىشى جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق ۋەسىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، مىراسنىڭ تەقسىماتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بېۋاسىتە بەلگىلىگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ نىسا سۈرىسىدە بۇ

مەسىلە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىنمۇ ئىسلام مەزھەبلىرى ئارىسىدا مىراس مەسىلىسىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بىرەرمۇ مەزھەب يوقتۇر. ئۆلگۈچى ئەگەر ئۆلۈشتىن بۇرۇن مىراسخورلىرىدىن بەزىسىگە بىرنەرسە بەرسە بولىدۇ، ئەمما ئۆلگىنىدىن كېيىن بىرەرسىگە ئارتۇق مىراس بېرىلىشىنى ياكى بېرىلمەسلىكىنى ۋەسىيەت قىلغىنى بىكاردۇر. ئىسلام نەزەرىدە بۇنداق ۋەسىيەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، باللار ئارىسىدا ئادىل بولماستىن ئۇلارنىڭ بەزىسىگە كۆپ بىر نەرسە بېرىپ، بەزىسىگە ئاز بېرىشمۇ ئىسلام نەزەرىدە خاتادۇر. ئەگەر بىراۋ باللىرىدىن مەلۇم بىرىنى ئوقۇتماي ياكى ئۇنىڭغا تىرىكچىلىكىنىڭ كەسپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگەتمەي ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئىشىدا ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالغان ۋە باشقا باللىرىنى ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ مائاشلىق قىلغان بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالغان مەزكۇر بالىسىغا باشقا باللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بىر نەرسە بېرىشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇنداق بالا ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ، جۈملىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ كېلەچىكىنىڭ قۇربانى بولغان ھالدا، ئائىلىنىڭ يۈكلىرىنى ئاتىسى بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوقۇپ مائاشقا ئىگە بولۇشىغا شەرت ـ شارائىت ياراتقان ئىكەن، ئۇنىڭغا باشقىلاردىن كۆپرەك بىر نەرسە بېرىش جائىزدۇر. ئەمما مۇندىن باشقا، باللىرىنىڭ بىرەرسىنى يامان كۆرۈپ قالغانلىقىدىن ياكى ئۇنىڭ بەزى تەنتەكلىكلىرىدىن نارازى بولغانلىقىدىن ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئايرىم مۇئامىلىدە بولۇش قەتئىي خاتادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە چوڭ گۇناھتۇر.

# قۇرئان ئوقۇش

قۇرئان ئوقۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن بىلمىسۇن ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، دىگەنلىرىنى قەلب بىلەن تەستىقلاپ ئوقۇشتۇر. ھەر ئىككى تۈرلۈك ئوقۇشنى دىنىمىز ئەمر قىلغان ۋە كۆپ ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. شۇنداقتىمۇ قۇرئاننىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك ئوقۇلىشى ئەڭ پەزىلەتلىك ئوقۇشتۇر. قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلىشىدىكى ئاساسلىق مەقسەتمۇ مانا مۇشۇ ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ(قۇرئان) شۇنداق كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭاكىشىلەرنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن(كۇپرىدىن) يورۇقلۇققا(ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەھىيلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) چۈشۈردۇق» (ئىبراھىم سۈرىسى1 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلمەس مۆجىزىسىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: «قۇرئان ئۇنى ئوقۇغان ۋە مەزمۇنىغا ئەمەل قىلغان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە شاپائەتچى بولىدۇ. كىمكى ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن يېتەكچى قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىكەن، قۇرئان ئۇنى جەننەتكە يېتەكلەيدۇ؛ كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەن، قۇرئان ئۇنى دۇزاخقا مەھكۇم قىلىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان كىشىلەر قۇرئاننى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىش ئىشىغا چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتلىقنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرەتتى. ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭدىن قۇرئاننىڭ 10 ئايىتىنى ئۆگىنىپ توختايتتى. بۇ 10 ئايەتنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ، تەلەبلىرىنى ئىجرا قىلىپ، تۇرمۇش ئىشلىرىغا تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھتىن يەنە10 ئايەت

ئۆگىنەتتى. ئۇنىمۇ بۇرۇنقىسىدەك ياخشى چۈشىنىپ، تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، يەنە 10 ئايەت ئۆگىنەتتى، ھەتتا ئۇلار "بىز قۇرئاندىن ئىلىم ۋە ئەمەل ئىككىسىنى بىرگە ئۆگەندۇق" دەيتتى».

دىمەك، قۇرئاننىڭ ئوقۇلىشى غايە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوقۇپ ئەمەل قىلىنىشى ئۇنىڭ ئاساسلىق غايىسىدۇر. ئاللاھ قۇرئاننى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرگەن. شۇنداقتىمۇ قۇرئان بارلىق ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ئوقۇسىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقى ۋە قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەردىن سانىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلار كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇغانغا 10 ھەسسە ساۋاپ بېرىلىدۇ: الٓمٓ (الف، لام، ميم) نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، (بەلكى بۇلار 3 ھەرپتۇر)» دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلار كېيىنكى ئەسىرلەردە قۇرئان ئوقۇشتىكى ئاساسلىق غايىدىن ئادىشىپ، قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم ـ ھېكمەت ئېلىشنى قايرىپ قويۇپ، قۇرئاننىڭ لەپزى تىلاۋىتىگىلا بېرىلىپ كەتكەن. نەتىجىدە، سۇيىئىستېمالچىلار، تاماخورلار ھەدەپ قۇرئان ئوقۇشنى پۇل تېپىشنىڭ دەستۇرىغا ئايلاندۇرىۋالغان ـ قارىلار رامىزان ئايلىرىدىكى مول ھوسۇلنى كۈتۈپ تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، مولىلار مازار ـ ماشايىخلاردىن، نەزىر ـ چىراغلاردىن ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردىن كېلىدىغان غەللىلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇش ئاۋامنىڭ چۈشەنچىسىدە پەقەت رامىزانلاردا، مازار ـ ماشايىخلاردا، نەزىر ـ چىراغلاردىلا ئوقۇلىدىغان، مەنىسى چۈشىنىكسىز بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

رامىزاندا قۇرئان ئوقۇشنىڭ ساۋابىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماچقى ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە. رامىزان ئېيىنى ئالىملار«قۇرئان ئېيى«دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى قۇرئان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رامىزان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ ئايدا قۇرئان ئوقۇش بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىشنىڭ ئالاھىدە چوڭ ساۋاپلىق ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھەدىسلىرى كۆپتۇر. ساھابىلارمۇ رامىزان ئېيى كەلسە باشقا ئىلىم ـ مەرىپەت سورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بارچە ھىممىتىنى ۋە ۋاقتلىرىنى قۇرئان ئوقۇش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش بىلەنلا مەشغۇل بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرى كەلسە قۇرئان ئوقۇشقا كۆپ بېرىلەتتى، بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدە مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەرىشتە جىبرائىل ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى باشتىن ئاخىر ئوقۇتۇپ تىڭشايتتى دېگەن ھەدىسلارمۇ كۆپ. مۇندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى قۇرئاننى كۆپ ئوقۇيتتى. ھەتتا ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە شېھىد قىلىنغان.

قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئاننى ئىخلاس بىلەن ئوقۇش، مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئوقۇش لازىم. چۈنكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قىلغان سۆزىدۇر. قۇرئاننى مۇشۇ يوسۇندا ئوقۇش بارلىق ئىبادەتلەردىن ئاللاھىدە ئەۋزەل تۇرىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر.

2. قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش.

3. قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم“ دەپ شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش.

4. قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن، تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ يۈرەكتىن ئوقۇش.

# ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى

ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلات، ھالال ـ ھارام قاتارلىق ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان سابىت پرىنسىپلار ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆپايە قىلغانلىقى، قالغانلىرىنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىجتىھاد(پىكىرده بىرلىشىش) يولى بىلەن ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانلىقىدۇر. شۇڭا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجتىھادتىن ئىبارەت 3كە قىسقارغان.

1. قۇرئان

قۇرئان ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرائىل ئىسىملىك پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ مەجمۇئەسى، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىنىدىغان بىردىنبىر دەستۇردۇر.

قۇرئان پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز سۆزىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن بويىچە ئۆز ئەيىنىنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەن ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئۆز نەپسىي خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.» (نەجم سۈرىسى2 ـ ئايەت)

قۇرئان ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر. قالغان ئىككى مەنبەمۇ بۇنىڭغا يۆلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچى يەنىلا قۇرئاندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ بىز چۈشۈرگەن قۇرئان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» (ئەنئام سۈرىسى155 ـ ئايەت).

2. ھەدىس (ياكى سۈننەت)

ھەدىس ـ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە بۇيرىغانلىرىدىن بىزگە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاسىتىلار ئارقىلىق، توغرا يوسۇندا يېتىپ كەلگەنلىرى دېمەكتۇر.
ھەدىس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىدۇر. چۈنكى، قۇرئان ھازىرقى تېكستى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھى بولسا، ھەدىس تېكستى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىلھامدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىن نامىدىن ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى بىلەن ئىلھامنىلا سۆزلىگەن.
ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز ئىكەنلىكىنى ئېيان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» (ھەشر سۈرىسى7 ـ ئايەت).
3. ئىجتىھاد
ئىجتىھاد ـ قۇرئان بىلەن ھەدىسلەردا ھۆكمى بايان قىلىنمىغان يېڭى ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بارچە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىش دېمەكتۇر.
ئىجتىھاد ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ(نىڭ كىتابى)غا، پەيغەمبەر(نىڭ ھەدىسلىرى) گە مۇراجىئەت قىلىپلار» (نىسا سۈرىسى59 ـ ئايەت).
مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ ئىجتىھادنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاساس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەمەننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتىش ئالدىدا، ئۇنىڭدىن سورايدۇ:
ـ ھەققىدە ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغان بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىڭدە نېمە قىلىسەن؟

ــ ئاللاھنىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىش كۆرىمەن ــ دەيدۇ مۇئاز.
ــ ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە بىرەر ھۆكۈم بولمىسا نېمە قىلىسەن؟
ــ پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن.
ــ پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ بولمىسا نېمە قىلىسەن؟
ــ بۇ ۋاقىتتا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا، ئۆز رايىم بويىچە ئىجتىھاد قىلىمەن.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ:
ــ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەنكى، ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلدى ــ دەيدۇ.
سەئىد ئىبنى مۇسىب ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىم:
ــ يا رەسۇلۇللا! قۇرئاندا ياكى سىزنىڭ ھەدىسلىرىڭىزدا ھۆكمى كەلمىگەن يېڭى ـ يېڭى ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟
ــ مۆمىنلەردىن بولغان ئالىملارنى توپلاپ بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق قارار چىقىرىڭلار، ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ بىرەر كىشىنىڭلا رايى بىلەن ئىش كۆرمەڭلار ــ دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.
يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستىن كۆرىمىزكى، ئىجتىھاد ــ كىشىلىك ئىجتىھاد ۋە كوللېكتىپ ئىجتىھادتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: كىشىلىك ئىجتىھاد يۇقىرىدا مۇئازنىڭ دېگىنىدەك، كوللېكتىپ ئىجتىھاد ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكىنىدەك بولىدۇ. كىشىلىك مەسىلىلەر، ئومۇمەن كىشىلىك ئىجتىھاد بىلەن، ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر مۇتلەق كوللېكتىپ ئىجتىھادى بىلەن جاۋابلاندۇرۇلىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىھادلىرىنى يۇقىرىقى ھەدىسلارنىڭ روھى بويىچە جارى قىلدۇرغان.

ئىجتىھاد قىلىشتا رىئايە قىلىنىدىغان پرىنسىپلار

ئىجتىھاد قىلىشنىڭ پرىنسىپى دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىستىكى ئوخشىشىنىڭ ماھىيىتىنى، ئالغان ھۆكمىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ھۆكۈم تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ يېڭى مەسىلىنى قۇرئان ياكى ھەدىستىكى مەزكۇر مەسىلىگە قىياس قىلىش(ئوخشىتىش) ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش،

ئەگەر ھۆكۈم تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ يېڭى مەسىلىنىڭ ئوخشىشى قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا بولمىسا، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قانۇنشۇناسلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رايى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت.

مەسىلەن: ھاراق ئىچىش قۇرئاننىڭ كەسكىن ھۆكمى بىلەن ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار» (مائىدە سۈرىسى 90 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن، ھاراقنىڭ ھاراملىقى قۇرئاندا ھارام قىلىنغان ئەسلىي ھۆكۈمدۇر. ئۇنىڭ سەۋەبى ئەقىلغا، تەن ساقلىقىغا، ئەخلاققا ۋە ئىقتىسادقا زىيانلىق بولغانلىقىدىن ئىبدى. ئاق چېكىملىك، نەشە، تاماكا قاتارلىقلارنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا ھارام ياكى ھالاللىقى ھەققىدە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان چۈشكەن زامانلاردا يوق ئىبدى. ئەمما بۇلاردا ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر بار. مەسىلەن: ئاق چېكىملىكنىڭ، نەشىنىڭ ۋە تاماكىنىڭ ئەقىلغا، تەن ساقلىقىغا ۋە ئىقتىسادقا زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بىر رېئاللىق. نەتىجىدە، بۇلاردىمۇ ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ئىجتىھاد يولى بىلەن بۇلارنى قۇرئاندا ھارام قىلىنغان ھاراققا ئوخشىتىپ قىياس قىلىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھاراملىقىنى قارار قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ نىشانلانماقچى بولغان ئايالىغا ئۇ ئۆزى ۋازكەچمىگىچە نىشانلىنىۋېلىشى، ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋازكەچمىگىچە سودا قىلىشى قەتئىي توغرا ئەمەستۇر».

بۇ ھەدىسقا ئاساسەن، بىراۋنىڭ سودىسىنى بۇزۇش توغرا ئەمەس. سەۋەبى بىراۋنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر. مانابۇ، ھەدىس ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەسلى ھۆكۈم. بۇنىڭغا قىياس قىلغان ھالدا، بىراۋنىڭ ئىجارىسىنى بۇزۇشمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، ھەر ئىككى ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدىكى سەۋەب بىراۋنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك.

ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى

1. ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىگە دالالەت قىلىدىغان ئىنچىكە يوللىرىنى بىلىش.

2. قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى، قۇرئاننىڭ ئەمەلدىن قالغۇچى ۋە قالدۇرغۇچى ئايەتلىرىنى، مۇجمەل، تەپسىلى، مۇتلەق، چەكلىك، ئومۇمىي، خۇسۇسىي مەنىلىرىنى بىلىدىغان بولۇشى.

3. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلارنى بەلگىلەشتىكى غايىسىنى، كىشىلەر دۇچ كەلگەن شارائىتلارنى، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ، ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىپ بولغان ئىشلارنى، ھۆكۈملەرنىڭ "نېمە ئۈچۈن" لىرىنى، ھۆكۈملەرنى ئوخشاشلىرىغا قىياس قىلىشنى، دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلىشى.

يۇقىرىقى 3 شەرتكە توشقان كىشى «مۇجتەھىد» (ئىجتىھاد قىلغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەرتلەرگە توشۇپ، ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولغان ھەر قانداق بىر مۇجتەھىدنىڭ قانداقلا بىر ماۋزۇدا بولمىسۇن، قانداقلا زامان ۋە ماكاندا بولمىسۇن ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقى باردۇر. ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش مەزھەب پېشىۋالىرى ئۈچۈنلا خاس بولغان بىر ئىش ئەمەس، بەلكى ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرىگە توشقان ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئالىمنىڭ قايسى ماۋزۇدا بولمىسۇن ئىجتىھاد قىلىشى ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە يول ئوچۇقتۇر. چۈنكى دۇنيا تەرەققى قىلغانسېرى بۇرۇنقى زامانلاردا بولمىغان، مۇسۇلمانلار جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان يېڭى - يېڭى ھادىسىلەر، مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادلىرى ۋاستىسى بىلەن يېڭى چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغانلىقىدۇر.

ئىجتىھادنى ئەڭ ئاۋۋال جارى قىلدۇرغانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىجتىھادنى بىرىنچى بولۇپ جارى قىلدۇرغانلار ئاۋۋالقى ئىككى خەلىپە – ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان مەزگىلدە پۈتۈن مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش سالاھىيىتى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ۋاقىتتا

ئىجتىھاد قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا بايانى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە جاۋابقا ئېھتىياجلىق بولغان. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرەر مەسىلىدە ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلگەندە، ئۇ ئاۋۋال قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلاتتى، مەزكۇر مەسىلىنىڭ بايانى قۇرئاندا بولسا، شۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر قۇرئاندا بولمىسا ھەدىسلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى، ھەدىسلاردا بولسا شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، ئەگەر ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن ئىجما قىلىش ئارقىلىق ئورتاق ھۆكۈم چىقىراتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خۇددى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئىجما قىلاتتى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى قازىلىرىغىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۇفە شەھىرىگە قازى قىلىپ تەيىنلىگىنىدە، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ: «بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم قىلىشتا ئاۋۋال ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇراجىئەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنىڭدا شۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى بولمىسا، ھېچكىمدىن سورىماستىن ھەدىسلارغا مۇراجىئەت قىلغىن، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا، ئۆز رايىڭ بىلەن ئىجتىھاد قىلغىن، ئاندىن ئۆلىمالارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈم چىقارغىن».

يوقىرىقىلار ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى يۆنىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال قۇرئان، ئاندىن ھەدىس، ئاندىن ئىجمانى ئاساس قىلغان ھالدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلگەن، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە كىشىلىك ئىجتىھادقا كۆپايە قىلاتتى. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەردە پەقەت كوللېكتىپ ھالدا ئىجتىھاد قىلىپ، پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى. ساھابىلار ۋە كېيىنكى پارلاق دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە نىجاتلىقى ئۈچۈن كەلگەن ئادالەتلىك قانۇن ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا ـ ھۆكۈمدە، پەتۋادا، تەبلىغدە، تەشۋىقاتتا ئالدى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: «ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇ شۈكۈر

قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» دەيدۇ. (مائىدە 6 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «دىنىنى كىشىلەرگە ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇنى ھەرگىزمۇ تەسلەشتۈرۈپ قويماڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇلار ئىجتىھادلىرىدا تۆۋەندىكى ئىجتىھاد قىلىش پرىنسىپلىرىغا ئالاھىدە رىئايە قىلاتتى:

1. قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا ئوخشىشىنىڭ ھۆكمى بولغان مەسىلىلەردە بۇلارنى شۇ ئوخشىشىغا قىياس قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىراتتى يەنى بىرەر مەسىلە ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا ئېنىق ھۆكۈم بەلگىلەنگەن بولسا، شۇ مەسىلىگە ئوخشايدىغان، ئەمما ھۆكمى سۆزلەنمىگەن يېڭى مەسىلىلەرنى قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا ھۆكمى كەلگەن ئوخشىشىنىڭ ھۆكمىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ شۇنىڭ ھۆكمىنى بېرەتتى.

2. ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ ئوخشىشى قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا بولمىغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى دىنىنىڭ روھىغا ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئويغۇنلاشتۇرۇپ ئۆز ئىجتىھاتلىرى ئارقىلىق بەلگىلەيتتى ۋە ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنى پۈتۈن ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە ئىجتىھاد قىلىپ بەلگىلەيتتى. ئۇلار ئىجتىھادلىرىدا زامانىمىزدىكىلەردەك قاتمال ئەمەس ئىدى، بەلكى بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شۇ جەمئىيەتنىڭ شارائىتىنى، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارغا مەنپەئەتلىك بولىدىغان ئىشلارنى تولۇق ئىگىلەيتتى. ئاندىن سوغۇق قانلىق بىلەن دىنىنىڭ روھىغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ ھۆكۈملەرنى بەلگىلەيتتى. ئىخلاس ئۇلارنىڭ رولچىسى، كەمتەرلىك كىيىمى ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى بىرەر مەسىلىدە كىشىلىك ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقارغىنىدا: «بۇ مېنىڭ رايىم. ئەگەر بۇ توغرا بولغان بولسا ئاللاھتىن، ئەگەر خاتالاشقان بولسام ئۆزۈمدىن ۋە شەيتاندىن بولغان بولىدۇ» دېيىشنى ئۇنۇتمايتتى.

كىشىلەرنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى، مەقسەت ـ غايىلىرىنى چۈشىنىشتىكى سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتلىرىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى سەۋەبتىن مەزھەبلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

مەزھەبلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىسلاردىن چۈشەنگەنلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەستۇر. شۇڭا مەزھەب قاراشلىرى دىنىنىڭ قاراشلىرى ئەمەس، بەلكى مەزھەب ئىگىلىرىنىڭ شۇ دىندىن چۈشەنگەن توغرا ـ خاتالىققا ئېھتىمالى بولغان چۈشەنچىلىرىدۇر. ئەمما بۇ مەزھەبلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى مەنبە قىلغان ھالدا شەكىللەنگەنلىكتىن، ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەتكە ئېرىشكەن 4 مەزھەبنىڭ ـ ھەنەپىي، شاپىئىي، ھەنبەلىي، مالىكىي مەزھەبلىرىنىڭ قايسىسىغا ئەگەشكەن كىشى خاتالاشمىغان بولىدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجمادۇر.

# ئىسلام دىنىنىڭ جازا قانۇنى

ئىنسانلار يېگانە ياشىيالمايدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي هايات جەريانىدا، بىر ـ بىرىنىڭ هەقلىرىگە، نومۇسلىرىغا، هەتتا جانلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتەك ئىنسانىي جىنايەتلەر هەر قانداق جەمئىيەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ تاجاۋۇزلىرىدىن ئامان هالدا خاتىرجەم هايات سۈرۈشلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىهەتلەر ۋە قانۇنىي ئىنتىزاملارلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى هەددىدىن ئاشقۇچىلارغا بەزى جازالارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە، نومۇسلىرىغا ۋە هاياتىغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەتلىك جازالارنى بېكىتكەن. ئىسلام دىنىدا بېكىتىلگەن بۇ جازالار پەزىلەتلىك ۋە ئادالەتلىك بىر جەمئىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغان بەزى چوڭ جىنايەتلەر ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا ئادەتتىكى جىنايەتلەرنىڭ جازاسى هەرقايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى هۆكۈمران كۈچلەرنىڭ شۇ مەملىكەتلەرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ مۇناسىپ هالدا بەلگىلەشلىرىگە تاپشۇرۇلغاندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ جازا قانۇنىدا بېكىتىلگەن مەزكۇر جازالار پەقەت 5 بولۇپ، بۇلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بەزى پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن. ئۇلار:

1. ئىنسان باشقا بىرىنىڭ گۇناهىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئۇنىڭ گۇناهى ئۈچۈن جازالانمايدۇ. «بىراۋنىڭ گۇناهىنى باشقا بىرى كۆتۈرمەيدۇ» (نەجم سۈرىسى 38 ـ ئايەت).

2. جىنايەتنىڭ دەرىجىسىگە مۇناسىپ جازا بېرىلىشى. «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر» (شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت).

3. جىنايەت ئىشلەنگۈچىنىڭ جىنايەتچىسىنى ئەپۇ قىلىش هەققى بار. «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاه بېرىدۇ» (شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت).

ئىسلام جازا قانۇنىدا بېكىتىلگەن مەزكۇر 5 جازا تۆۋەندىكىچە:

1. قاتىللىقنىڭ جازاسى

ئىسلام شەرىئەت قانۇنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بىلەن، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنىڭ پەرقىنى ئايرىيدۇ: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر. «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، هۆر ئادەم ئۈچۈن هۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى178 ـ ئايەت).

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تەۋەلىرى قاتىلدىن ئىنتىقام ئېلىشنى كەچۈرسە بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدۇر، ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. «قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا(يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت(ماددى جازا) ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋازكەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن(دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى(جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم» (بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت).

ئەمما سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە كاپارەت بېرىشتۇر. «كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ، بىر مۆمىن قۇلنى ئازات قىلىشى ۋەئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك.» (نىسا سۈرىسى 92 ـ ئايەت)

2. بولاڭچى، قاراقچى ۋە سويغۇنچى رېكوتېرلارنىڭ جازاسى

بولاڭچى، قاراقچى ۋە سويغۇنچى رېكوتېرلارنىڭ جازاسى ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ، ئۆلتۈرۈش، ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرىنى كېسىش، ياكى جىنايىتى يېنىكرەك بولسا سۈرگۈن قىلىشتۇر. «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىشى، ياكى دارغا ئېسىلىشى، ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى، ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك» (مائىدە سۈرىسى 33 ـ ئايەت).

3. ئوغۇرلۇقنىڭ جازاسى

ئوغۇرلۇق قىلغۇچىنىڭ جازاسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) بىراۋ مۇھتاجلىقتىن ئۆز هاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىسىنىڭ تامىقىنى ياكى مېۋىسىنى ئوغۇرلاپ شۇ ئورۇندا قارنى تويغىچىلىك يېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسانىي ئېهتىياج يۈزىسىدىن مەجبۇرىي ئىشلەنگەن جىنايەت.

2) ئوغۇرلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى 10 دىرھەم كۈمۈش پۇلنىڭ قىممىتىگە يەتمىسە، ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسى تۆلىتىلىدۇ.

3) ئوغۇرلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى 10 دىرھەمنىڭ قىممىتىدىن كۆپ بولسا ئوغۇرلىغۇچىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. «ئوغۇرلۇق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغۇرلۇق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشلىرىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ئاللاھ ( ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى، (ئوغۇرلۇق قىلىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئۆزىنى) تۈزەتسە ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ھەمىشە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) بەكمۇ مېھرىباندۇر» (مائىدە سۈرىسى 39 - ئايەت).

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى مەھكىمە ئالدىدا ئوغرىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىپ جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان. كۈچلۈك كۆرۈشكە كۆرە، ئوغرى ئەگەر ئۆز گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، مەھكىمە ئۇنى ئەپۇ قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز گۇناھىغا ئىقرار قىلىپ جازاسىنى سوراپ قاتتىق تۇرغانلارغا جازانى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، گۇناھىغا ئىقرار قىلىپ كەلگەن يەنە باشقا كىشىلەرنى جازادىن كەچۈرۈم قىلغان.

4. زىنانىڭ جازاسى

زىنانىڭ جازاسى جازا بېرىلىش شەرتلىرىگە توشقان ئەھۋال ئاستىدا ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1) زىنا قىلغۇچى ئۆيلەنگەن بىرى بولسا، ئۇنىڭ جازاسى تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش.

2) زىنا قىلغۇچى تېخى ئۆيلەنمىگەن بىرى بولسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز دەررە(قامچا) ئۇرۇشتۇر. «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار» (نۇر سۈرىسى 2 - ئايەت).

بۇ ئايەت، زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆيلەنگەن ياكى ئۆيلەنمىگەن بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمىي جازاسىنى بايان قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنگەنگە تاش - كېسەك قىلىش، ئۆيلەنمىگەنگە يۈز دەررە ئۇرۇش

جازاسىنى بەلگىلىگەن. ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىشتا ئىتتىپاقتۇر.

زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتى

زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتى : زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا 4 قېتىم ئىقرار قىلىشى،( ئەگەر ئىقراردىن يېنىۋالسا جازا يۈرگۈزۈلمەيدۇ) ياكى 4 گۇۋاھچىنىڭ ھېچقانداق شۈبھىسىز دەرىجىدە ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئېنىق كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئىبارەت. زىنانى ئىسپاتلاشنىڭ شەرتىنىڭ بۇ دەرىجىدە قىيىن بولغانلىقىدىن مەلۇمكى، شەرىئەتنىڭ زىنا قىلغۇچى ئۈچۈن بېكىتىلگەن بۇنداق قاتتىق جازانىڭ ئاساسلىق غايىسى ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى جىسمانىي جازالاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە ئىبرەت بېرىش ۋە يامانلىقلاردىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ جازانىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىسلام تارىخىدا قانچە قېتىم يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى بارماق بىلەن ساناپ بەرگىلى بولىدۇ.

5. تۆھمەتنىڭ جازاسى

بۇ ماۋزۇدىكى تۆھمەت ئىپپەتلىك ئايال ياكى ئىپپەتلىك ئەرگە زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك ياراتتى ۋە ئۇلارغا ھەق دىننى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق ئىززەت ـ ئابروي ئاتا قىلدى. كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە نومۇسىنى چۈشۈرۈش ئىسلام نەزەرىدە ئېغىر جىنايەت بولۇپ سانالغانلىقتىن، ئىپپەتلىك كىشىلەرگە تۆھمەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا 80 دەررە ئۇرۇش بولۇپ بېكىتىلگەن. «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا) ئادىل 4 گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار.» (نۇر سۈرىسى 4 ـ ئايەت)

# ئىسلام جازا قانۇنىنىڭ ھېكمىتى ۋە غايىسى

ئىسلام دىنىدىكى جازا قانۇنىنىڭ ھېكمىتى ۋە مەقسىتىنى چۈشەنمىگەنلەر، ئۇنىڭدىكى زىنا قىلغۇچى ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئوغۇرلۇق قىلغۇچى ئۈچۈن بېكىتىلگەن قول كېسىش جازاسىنى ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئىنسانىيەتچىلىكىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان قالاقلىق، دەپ ئەيىبلاشقا ئالدىرايدۇ.

ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتىمىزكى، جازانى بەلگىلىگۈچىنىڭ نەزەرىدە، ھەر قانداق بىر جازانىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىكى شۇ جىنايەتنىڭ ئېغىرلىقى ياكى يېنىكلىكىگە ۋە جەمئىيەتكە بېرىدىغان سەلبىي تەسىرىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىدە، ئۆيلەنگەنلەرنىڭ زىنا قىلىشى ۋە ئوغۇرلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قان ـ تەر تۆكۈپ تاپقان مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوشۇرۇن تالان ـ تاراج قىلىشى ئادالەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا قىلىنغان ئەڭ خەتەرلىك تەھدىد ۋە ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر.

شۇنىمۇ ئونۇتماسلىق كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى جازالارنى بەلگىلەشتە پەقەت ئىبرەتنىلا مەقسەت قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئازراق شۈبھىلا تېپىلسا جازالارنى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئەپۇ قىلىڭلار» دېگەن تەۋسىيەنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار ئازراق شۈبھە بىلەن بولسىمۇ جازالارنى يۈرگۈزمەسلىك پرىنسىپىنى تولىمۇ كۆپ قېتىم تەتبىقلىغان.

بىركۈنى، غامىدىيە ئىسىملىك بىر ئايال زىنا قىلىپ قويۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدۇ:

يا رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىمىغانغا سېلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ، ئايال سۆزىنى قايتىلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قارىمايدۇ. ئايال سۆزىنى تۆتىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ:

ــ بويۇڭدا بارمۇ؟

ــ بار.

ــ ئانداقتا بوشىنىپ بولۇپ كەلگىن، شۇچاغدا جازا بېرەيلى.

ئايال بوشىنىپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ بالاڭغا قارايدىغان ئادەم بارمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ.
ــ يوق، ــ دەيدۇ ئايال.
ــ ئانداقتا، بالاڭ ئىككى ياشلىق بولغاندا كەلگىن.
ئايال بالىسىنى ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ساھابىلاردىن سورايدۇ:
ــ بۇ ئايالنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار بارمىكىن؟
ساھابىلاردىن بىرى ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئايال جازاسىنى ئالىدۇ.
يەنە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ زىنا قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىمىغانغا سېلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە سورىمايدۇ. بۇ ئادەم سۆزىنى تەكرارلاشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ. بۇ ئەسنادا نامازغا ئەزان چىقىدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم يەنە سۆزىنى تەكرارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورايدۇ:
ــ تاھارىتىڭ بارمۇ؟
ــ بار.
بىز بىلەن ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟
ــ ئوقۇدۇم
ــ ئانداقتا كەتكىن، ئاللاھ سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردى.
مانا بۇ ئاددى بىر ۋەقەلىكتە، قانۇنىي مۇقەددەسلىك مەزمۇنى ۋە مەغپىرەت ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ ئىنكاسىنى نېمە ئۈچۈن ئاڭلىماسقا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى كەينىگە تارتىدۇ؟ كېيىنكى قىسسىدىكى ئادەمنىمۇ نېمە ئۈچۈن جازالىمايدۇ؟
بۇ ئايال بىلەن ئەر ئۆز گۇناھىنى تونۇغان ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلغان. ئۆز گۇناھىنى تونۇغانلار ئۈچۈن سوت ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇلار

مۇشۇ ئاساستا توغرا قانۇننى تاپىدۇ. مەغپىرەت گۇناھنى تونۇپ، تەۋبە قىلغانلار ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات. ئايال ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى قايتا ـ قايتا دەۋا قىلدى، ئايالدا گۇناھقا نىسبەتەن پۇشايمان قىلىش كەيپىياتى كۈچەيدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەغپىرەتمۇ ئاشتى. كېيىنكى قىسسىدىكى ئەرمۇ شۇنداق.

يوقىرىقى ئىككى قىسسىدە، گۇناھ بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى تىپىك باغلىنىش ۋايىغا يەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانۇندىكى مۇقەددەسلىكنى ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ ۋە شەپقەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا بېجىرگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن جازالار ئەمەلگە ئېشىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلگى كىشىلەرگە ئىبرەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىدۇ. زىنانى ئىسپاتلاشنىڭ شەرتىگە نەزەر قىلساقمۇ، زىنا قىلغۇچىنىڭ تەرەددۇتسىز 4 قېتىم ئېتىراپ قىلىشى ياكى تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى شۈبھىسىز رەۋىشتە ئېنىق كۆرگەن بولۇشى ئەمەلگە ئېشىشى ئىنتايىن قىيىن بىر ئىشتۇر.

ئوغۇرلۇق قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان قول كېسىش جازاسىمۇ ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى شەرتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ شەرتى: ئوغۇرلۇق قىلغۇچىنىڭ ئۆزلىكىدىن ئېتىراپ قىلىشى ياكى راستچىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ئۇنىڭ ئوغۇرلۇق قىلغانلىقىنى شەك ـ شۈبھىسىز، ئوچۇق رەۋىشتە كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئىبارەت. ئازراق شۈبھە ياكى گۇۋاھچىلاردىن بىرەرسىنىڭ كىچىككىنە گۇمانلىق كەيپىياتى بىلەن جازا بىكار قىلىنىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ خىزمەتكارلىرى مەزىنيە ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنى ئوغۇرلاپ كېلىپ سويۇپ يەۋېتىدۇ. خىزمەتكارلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرۇپ بولۇپ، سۆزىدىن قايتىدۇ ۋە ھاتىبقا دەيدۇ:

ـ سىلەر ئىشلەتكەن ئادەملىرىڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايسىلەر، ئۇلارنى ئاچ قويىسىلەر. بۇ ھالەتتە ھارامنى يېسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كەسمەيمەن. ساڭا شۇنداق ماددىي جازا قويىمەنكى، تۆگىسى ئوغۇرلانغان مەزىنيەگە تۆگىسىنىڭ قىممىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى تۆلەيسەن.

تۆگىنىڭ قىممىتى 400 دىرھەم بولۇپ، ھاتىب 800 دىرھەم تۆلەپ بېرىدۇ، ئوغۇرلۇق قىلغۇچىلار جازادىن ئەپۇ قىلىنىدۇ.